# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

# JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

1987

(ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

3

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

(ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ★

1987 - يىل 3 - سان

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

(ئومۇمىي 31 سان)


## مۇندەرىجە


پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ
ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ........................ تۇرسۇننىياز ساۋۇر 1

سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەك كۈچى تاۋار بولامدۇ؟............ جۇماخۇن نىياز 12

مەملىكىتىمىزدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا........
................................................ ھېكىم زۇنۇن 22

ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئەدەبىيات سەنئەت............ تۇرسۇن قۇربان 31

قارا خانىلار خاندانلىقىنىڭ قەشقەر شەھىرى يېنىدىكى ئىككى سۈيۈرغاللىق ئورنى
ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە........................ ئابلىمىت روزى 37

ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە................ بايىر روزى 46

قەدىمىي شەھەر ھىرات ۋە ئۇيغۇرلار........................غەيرەتجان ئوسمان 62

لوپنۇر قوشاقچىلىقى توغرىسىدا........ ........................ مۆيىدىن سايىت 75

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن شامان دىنىغا بىر نەزەر......... ئابدىكېرىم راخمان 88

مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات............
.......................................جالالىدىن پازىل 100

مەنىداش سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش رولى توغرىسىدا ...... ئارسلان ئابدۇللا 109

چاغاتاي تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تۈپكى ئارتۇقچىلىقى ...... ئابدۇرۇپ پولات 123

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سادىق ۋەتەنپەرۋەرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى خاتىرىلەيمىز...
............................................ سەي جىڭسۇڭ 129

ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى......... يۈسۈپ ئوربىلى 140

**新疆大学学报** 1987年第3期

（哲学社会科学维文版） （总第31期）

# 目　录

论公民基本权利和义务的历史发展及其特点……………………吐尔逊尼亚孜·沙吾尔
谈社会主义条件下劳动力是否为商品……………………………………居马洪·尼牙孜
谈我国实行计划生育的必要性……………………………………………艾克木·祖农
两个文明建设与文学艺术……………………………………………吐尔逊·库尔班
喀喇汗王朝在喀什噶尔封地考……………………………………阿不力米提·肉孜
维吾尔乐器的历史简谈……………………………………………………巴依尔·肉孜
古城赫拉特与维吾尔人……………………………………………海热提江·乌斯曼
谈尉犁民间诗歌…………………………………………………………莫伊丁·沙依提
从《突厥语大词典》看萨满教……………………………………阿不都克里木·热合曼
我国少数民族概况…………………………………………………………………加拉力丁
维语同义词及其修辞作用浅谈……………………………………阿尔斯兰·阿不都拉
谈察合台语词汇的基本特征………………………………………阿不都肉甫·甫拉提
纪念维吾尔族忠诚的爱国主义者阿不都克里木·阿巴索夫…………………………蔡锦松
回历与公历对照表…………………………………………………玉素甫·乌尔毕力

# پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

تۇرسۇننىياز ساۋۇر

بىر دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى ماھىيەتتە شۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالار بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەمدە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ دۆلەت تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنىڭدەك ئۇ يەنە شۇ دۆلەتتىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈپ ھەرىكەت مىزانى، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ باشقا قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزۈشىنىڭ قانۇنىي ئاساسى.

× × ×

«پۇقرا» دېگەن بۇ سۆز دۆلەت ۋە قانۇن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىدە بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە بولغان، شۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن بەھرىمان بولىدىغان ۋە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدىغان كىشىلەر شۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما تارىختىكى ئوخشىمىغان دەۋر ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە ئوخشىمىغان جەمئىيەتلەردە «پۇقرا» دېگەن سۆزمۇ ئوخشىمىغان مەنالارغا ئىگە بولۇپ كەلدى.

«پۇقرا» دېگەن ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپ قەدىمكى گرېتسىيەدە، كېيىن قەدىمكى رىمدا قوللىنىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتتە، ئۇ پەقەت ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ھۆرلەرنىلا كۆرسىتەتتى. ئېنگېلس «دېيورىڭغا قارشى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئەگەر گرېكلەر ۋە ياۋايىلار، ھۆرلەر ۋە قۇللار، پۇقرالار ۋە ھىمايە قىلىنىدىغانلار، رىم پۇقرالىرى ۋە رىم ئىتائەتمەنلىرى (كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا) باراۋەر سىياسىي ئورۇن تەلەپ قىلالايدۇ، دەپ ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ قەدىمكى زامانىدىكىلەر ئۈچۈن جەزمەن ساراڭلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى»① دەپ كۆرسەتتى. دېمەك قەدىمكى گرېتسىيە ۋە رىم قاتارلىق قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردە پەقەت قۇلدارلار، ھۆرلەرلا پۇقرالار ھېسابلانغان، قۇللارنىڭ سۆز قىلىش

① ئېنگېلس «دېيورىڭغا قارشى» ئۇيغۇرچە نەشرى 191 - بەت.

ئەركىنلىكى، پۇقرالىق سالاھىيىتى بولمىغان. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. پەقەت پومېشچىكلار، چوڭ دىندارلار ۋە روھانىلار پۇقرا ھېسابلىنىپ، جاپاكەش ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھېچ قانداق پۇقرالىق سالاھىيىتى بولمىدى. خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك: فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردە «پومېشچىكلارلا تولۇق ھوقۇققا ئىگە، دېھقانلارنىڭ بولسا ھوقۇقى يوق»، «دېھقانلارنىڭ ئورنى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردىكى قۇللارنىڭ ئورنى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ»①.

XVII ئەسىرنىڭ 40 يىللىرىدىن كېيىن، ياۋروپا بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ۋە بۇرژۇئا ھاكىمىيەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ «پۇقرا» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى ئۇ دۆلەتنىڭ ھەممە ئەزالىرىغا باب كېلىدىغان ھەقىقى بىر قانۇنىي ئۇقۇمغا ئايلاندى. لېكىن بۇرژۇئا دۆلەتلىرىدە جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى گەرچە شەكىل جەھەتتە دۆلەتنىڭ پۇقراسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھوقۇقسىزلىق ئورۇندا ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى «پۇقرا» دېگەن سۆز قەستەن ھالدا خەلق، مىللەت دېگەن سۆز بىلەن ئارىلاش قوللىنىلىپ، دۆلەت ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنى تەشكىل قىلغان پرولېتارىيات ۋە كەڭ خەلق ئۇچۇن يەنە يېڭى چەكلىمىلەر مەيدانغا كەلدى. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە «پۇقرا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى دېيىلىدىغان بولسا ئۇ پەقەت شەكلى ئۆزگەرگەن يېڭى شۇئارلارنى جاكالاش ئارقىلىق بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئالداپ بىخۇتلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى يېڭى ئىتائەتمەن قۇللاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىنلا ئىبارەت خالاس.

پۇقرا دېگەن سۆز پەقەت سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىلا ھەقىقىي تۈردە دۆلەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە گەرچە دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ئوبيېكت ۋە دىكتاتۇرا ئوبيېكت مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى بار، ئۇلار دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان ۋە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدىغان بولغاچقا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇقرالىق سالاھىيىتى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا «پۇقرا» دېگەن سۆز يەنە خەلق، مىللەت قاتارلىقلاردىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ، يەنى ئاساسىي قانۇندا دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ئوبيېكت بىلەن دىكتاتۇرا ئوبيېكتى بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ۋە ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيەت ئوخشاش بەلگىلەنمىگەن بولغاچقا، ھەر ئىككىسىنىلا پۇقرا دەپ قاراپ، ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن «پۇقرا» دېگەن بۇ سۆز بىر قانۇنىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزا-

① «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم 50 - بەت).

لىرىنى كۆرسەتسە، خەلق بىر سىياسىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ پۇقرالار ئىچىدىكى دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلارنىلا كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا بۇنداق پەرقلەندۈرۈشتىن مەقسەت جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى سىنىپ ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ دۆلەت تۈزۈمىدىكى سىياسىي ئورنى ۋە قانۇنىي ئورنىنى ئېنىق ئايرىش، سىنىپىي سەپنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى ئېنىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى — دۆلەت ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئارقىلىق ئېتىراپ قىلغان، پۇقرالارنىڭ مەلۇم ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىش، مەلۇم مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىكى ئىمكانىيەت بولسا پۇقرالارنىڭ مەلۇم تەلەپ- مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت ھازىرلاپ بەرگەن قانۇنىي ۋاستىدۇر. ئادەتتە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقتىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن بولغاچقا، دۆلەت بۇنداق ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە مەلۇم ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، پۇقرالارنىڭ بۇنداق ئىمكانىيەتنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش- ئايلاندۇرالماسلىقى پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ.

پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ماھىيەتتە پۇقرالارنىڭ دۆلەت ۋە قانۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ بۇنداق ھوقۇقى جەمئىيەتتىكى باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ؛ باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى شۇ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ نىزامنامىلىرىدە بەلگىلىنىدۇ ھەمدە ئۇ ئاساسىي قانۇندىكى پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە شەرتسىز بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭ تەدبىقلىنىش دائىرىسىمۇ پەقەت شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىدىنلا ئىبارەت. ئەمما بۇ يەردىكى پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى بولسا دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىدا بەلگىلىنىدۇ، ئۇنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى بولسا دۆلەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى يەنى بارلىق پۇقرالار بولىدۇ. ئۇ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرارنىڭ ھوقۇقى — پۇقرالار دۆلەت تۈزۈمىدە بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسلىق ھوقۇقىدۇر. ئۇ يەنە ئادەتتىكى قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن پۇقرارلارنىڭ ھوقۇقى بىلەنمۇ ئوخشىمايدۇ.

پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى — ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن، پۇقرالارنىڭ دۆلەت، جەمئىيەت، كوللېكتىپ ئالدىدا ۋە باشقا پۇقرالار ئالدىدا ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان مەسئۇلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا ئوخشاش پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتىمۇ باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز ئەزالىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىدا بەلگىلىگەن مەجبۇرىيەتكە ئوخشىمايدۇ. باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ نىزامنامىلىرىدا بەلگىلىگەن مەجبۇرىيەت پەقەت شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىغا تەدبىقلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەت بولسا پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىغا نىسبەتەن چەكلەش

كۆچىكە ئىگە بولۇپ، ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭ پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا بەلگۈلىمە چىقىرىشىنىڭ ئاساسى بولىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان پۇقرالارنىڭ ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان مەسئۇلىيەت — دۆلەتنىڭ پۇقرالاردىن مەلۇم ھەرىكەتلەرنى ئادا قىلىشنى ياكى مەلۇم ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىقنى تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن بۇنداق مەسئۇلىيەت مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ھەر قانداق پۇقرانىڭ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشىگە يول قويۇلمايدۇ، دۆلەت مەجبۇرلاش كۈچى ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

سىنىپ، دۆلەت ۋە قانۇن بولمىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، كىشىلەردە «ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت توغرىسىدا تېخى ھېچ قانداق پەرق يوق ئىدى»① ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ، سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە قانۇننىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ دۆلەت تۇرمۇشىدىكى سىياسىي ئىقتىسادىي ئورنىدا پەرقلەر بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىمۇ بۆلۈنۈش بارلىققا كەلدى. ئاز ساندىكى ھۆكۈمران كۈچلەر كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى، يەنى ئۇلار «بارلىق ھوقۇقنى ئاساسەن بىر سىنىپقا بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق مەجبۇرىيەتنى باشقا بىر سىنىپقا ئارتىپ قويدى».② ئۇلار ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان چىرايلىق تەبىرلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي ۋە ئىلمىي ھالدا ئېچىپ بېرەلمىدى، ئەكسىچە ھەممىسى ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاقلىقنى ساقلاپ كەلدى.

× × ×

XVII - XVIII ئەسىرلەردە بۇرژۇئازىيە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا «ئىگىلىك ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ»، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر»، «تۇغما كىشىلىك ھوقۇقى» قاتارلىق بىر قاتار تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئىنسانىيەت تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇ ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ھازىرغىچە ئارىدىن 300 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەريانىدا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەردىن مۇنداق ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ مۇقەددەس، دەخلىسىزلىكىنى قوغداش ھەم ئۇنى باشقا بارلىق ھوقۇقلارنىڭ يادروسى قىلىش. كاپىتالىستىك تۈزۈم - خۇسۇسىي مۈلۈكچى-

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 4 - توم، 155 - بەت.

② («ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 174 - بەت.)

لىك تۈزۈمىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ۋە مۇكەممەللەشكەن شەكلى بولۇپ، بۇرژۇئازىيە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى قوغداش جەھەتتە قۇللۇق ۋە فېئوداللىق تۈزۈم ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئىدىيە ۋە پرىنسىپلارنى ئىشقا ئاشۇردى. لېنىن بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرىكى بارلىق ئاساسىي قانۇنلارنىڭ ھەممىسى ھەتتا ئەڭ دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئاساسىي قانۇنىنىڭ روھىي ۋە ئاساسىي مەزمۇنىمۇ بىرلا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئۈستىدە خۇلاسىلىنىدۇ»① بۇرژۇئازىيىنىڭ «خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ مۇقەددەس دەخلىسىزلىكىنى قوغداش پرىنسىپى» ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزگىلدە كاپىتالىستىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مەلۇم ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەمما مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ يەنىلا بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە كاپىتالىزمنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولغاچقا، پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن ئۇ يەنىلا بىر ئىقتىسادىي كىشەن بولۇپ قالدى.

ئەركىن كاپىتالىزمنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچقا قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ، بۇرژۇئا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىدىمۇ ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان مونوپولىيىنىڭ يەنى جاھانگىرلىكنىڭ ئىرادىسى ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ مۇقەددەس، دەخلىسىزلىكىنى قوغداش ئەسلىدىكى مۇقەددەس، دەخلىسىزلىكتىن ئەمدى مۇتلەق، چەكسىزلىك پرىنسىپىغا ئايلاندى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەر مونوپول كاپىتالغا قارىتا مەلۇم چەك قويسىمۇ، يەنە دائىم «جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش» نامى بىلەن مونوپول كارخانىلارنىڭ تۈرلۈك ئىمتىيازلىرىغا يول قويۇپ كەلدى. بۇ بۇرژۇئا ئاساسىي قانۇنلىرى قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىنى قوغداشتىن ئىبارەت ماھىيەت ۋە مەزمۇنى شۇنچە ئاشكارىلىنىپ ۋە كۈچىيىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنىڭ يادرو قىلىنغانلىقى يەنە ئاساسىي قانۇنىنىڭ پۇقرالارنىڭ باشقا ھوقۇقلىرىنى بەلگىلەشتە پۇقرالارنىڭ مال - مۈلۈك ئەھۋالىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا پۇقرالارنىڭ مەلۇم بىر خىل ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش بولماسلىقى ياكى قانچىلىك دەرىجىدە بەھرىمەن بولىدىغانلىقى يەنىلا پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي مال - مۈلك ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغان بولغاچقا پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن تولۇق بەھرىمەن بولالمايدۇ.

ئىككىنچى، شەكىل جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئارقىلىق ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى يوشۇرۇش. بۇرژۇئا ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ روھىي بويىچە، ھەر قانداق كىشى، مەيلى مۈلۈكدار بولسۇن ياكى پرولېتار بولسۇن ئۇ مۈلۈككە ئىگە بولسىلا، ئۇنىڭغا بولغان مۇقەددەس، دەخلىسىز ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. بۇ قارىماققا

① («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 168 - بەت.)

«قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن پرىنسىپنىڭ ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشقانلىقىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق «باراۋەرلىك» پۈتكۈل كاپىتالىزم دۇنياسىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغىنى يوق. خۇسۇسىي مال-مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى بۇنداق باراۋەرلىكى باشقا ھوقۇقلارغىمۇ كېڭىيىپ، ئۇلارنىمۇ شەكىل جەھەتتىكى باراۋەرلىك نىقابىغا ئورىدى، ھەمدە ئۇ ئاخىرى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئاساسىغا ئايلاندى. بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمران سىنىپ بولۇپ تۇرغان تارىخىي شارائىتتا «ئەڭ ئەركىن، ئەڭ دېموكراتىك بولغان جۇمھۇرىيەتتىمۇ، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك، پەقەت ئەزەلدىنلا تاۋار ئىگىلىرىنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئەركىنلىكى، كاپىتالنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئەركىنلىكىدۇر①».

ئۈچىنچى، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ شەكىل جەھەتتىكى بىردەكلىكى ئارقىلىق ماھىيەتتىكى ئايرىمىلىقىنى يوشۇرۇش.

بۇرژۇئازىيىنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن پرىنسىپى دەسلەپتە مەلۇم ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش جەھەتتە مەلۇم رول ئوينىغان ئىدى. ھالبۇكى، كاپىتالىزم شارائىتىدا ئېكسپىلاتاتسىيە مەۋجۇت بولغاچقا، ئاز ساندىكى كاپىتال ئىگىلىرى جەمئىيەتتىكى بارلىق بايلىقنى ئىگىلىگەن، پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ قولىدا ھېچ نەرسە بولمىغاچقا، بۇ شۇئارمۇ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان پرىنسىپقا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا بۇرژۇئا ئاساسىي قانۇنشۇناسلىرى ماختانغان ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىردەكلىكى ئەمەلىيەتتە شەكىل جەھەتتىكى بىردەكلىك ئارقىلىق يوشۇرۇلغان ساختا نەرسىدۇر: ئاز ساندىكى كاپىتال ئىگىلىرىدە مۇقەددەس، دەخلىسىز ئىمتىياز بولغانلىقتىن ئۇلار ھوقۇقتىن بەھۇزۇر بەھرىمەن بولۇپ، مەجبۇرىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرالايدۇ؛ پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلق نامراتلىق دەستىدىن خىلمۇ خىل ماددىي-مەنىۋى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ ياكى تەسلىكتە بىر قىسمىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ، ئەمما ئۇلار مەجبۇرىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مانا بۇمۇ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئاساسىي قانۇنىدىكى ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ ئەمەلىي جەھەتتىكى ئايرىمىلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

× × ×

سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىدىكى بىر خىل يېڭى جەمئىيەت. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى مەجبۇرىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى (جۈملىدىن خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى) ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن ئايرىپ تەھلىل قىلىشقا بولمايدۇ. سوتسىيالىس-

① («لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 29-توم، 342-بەت.)

تىڭ دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى يوقىتىپ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئاساسىدا بەرپا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ھوقۇقنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى، ھەقىقىلىقى، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ باراۋەرلىكى ۋە بىردەكلىكىدىن ئىبارەت روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇننىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1936 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنى ئاساسىي قانۇن تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەخسۇس باب ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى مەجبۇرىيىتىنى بەلگىلىدى، ئۇ، باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈشى ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن باشلاپ 1936 - يىلىغىچە ئارىلىقتا مۇھىم ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن 1924 - يىلىغىچە ئارىلىقتا سوۋېت خەلقى پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازلىرى لېنىن ۋە ستالىننىڭ رەھبەرلىكىدە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقاتتى. 1918 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى پۈتۈن روسسىيە سوۋېتلىرىنىڭ بەشىنچى قۇرۇلتىيى «سوۋېت روسسىيىسى ئاساسىي قانۇنى (تۈپ قانۇنى)»نى ماقۇللىدى. بۇنىڭدا لېنىن يازغان «ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا خىتاپنامە» كىرىش سۆز قىلىندى ھەمدە يېڭىدىن مەخسۇس ماددىلار ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ دېموكراتىيە - ئەركىنلىك ھوقۇقى ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇلدى، شۇنىڭدەك يەنە ئېكسپلاتاتسىيىچى سىنىپلار تەرىپىدىن ئادەتتىكە ئايلاندۇرۇلغان تۈرلۈك چەكلىمىلەر بىكار قىلىنىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك دېموكراتىيە - ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن ئۈنۈملۈك تۈردە بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ماددىي كاپالەتلەرمۇ بەلگىلەندى. 1924 يىلغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرى رەسمىي دۇنياغا كەلدى.

1924 - يىلدىن 1936 - يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىنغانغا قەدەر بولغان مەزگىل ئىككىنچى باسقۇچ بولۇپ، بۇ مەزگىلدە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك سىستېمىسى غەلىبىلىك تۈردە ئورنىتىلدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، سىنىپىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن 1936 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇن مەخسۇس باب ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى، دەم ئېلىش ھوقۇقى، ماددىي كاپالەتكە ئىگە بولۇش ھوقۇقى، تەربىيە ئېلىش ھوقۇقى، ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى ھوقۇقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، سۆز، مەتبۇئات، مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ھوقۇقى، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نامايىش قىلىش، كوچا ئايلىنىش ئەركىنلىكى، جىسمانىي جە-

ھەتتىن دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىق ۋە ئالاقىلىشىش مەخپىيەتلىكى ئەركىنلىكى قاتارلىقلار تەپسىلى بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەرنى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەندىكىدەك روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: مەسىلەن، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى تارىختىن قالغان تۈرلۈك مەسىلىلەر دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىنغانلىقتىن، دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى قەدەمدە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا قويۇلغان بەزى چەكلىمىلەر بىكار قىلىندى. پۇقرالار ھوقۇقىنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى.

پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزى ماددىي جەھەتتىكى كاپالەتلەر كېڭەيتىلدى ۋە باشقىلار.

دۆلىتىمىزنىڭ 1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇنى ۋە كېيىنكى ئىككى قېتىملىق ئاساسىي قانۇنى (گەرچە ئۇ تۈرلۈك نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان بولسىمۇ) پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا مەخسۇس بابلارنى بەلگىلىدى ھەمدە ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ باردى. 1982 - يىلدىكى يېڭى ئاساسىي قانۇن پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا پۇقرالار قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولىدۇ، ھەر قانداق بىر پۇقرا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى شەرت، دەپ بەلگىلەپ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنىڭ باراۋەرلىكى، كەڭ دائىرىلىكلىكى، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىردەكلىكى ۋە ھەقىقىلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇردى.

دۆلىتىمىزنىڭ 1982 - يىلدىكى يېڭى ئاساسىي قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، ھوقۇق بىلەن ئەركىنلىكنىڭ ھەقىقىلىقى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەردە ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولىدىغان بەلگىلىمىلەر يېزىلغان، چىرايلىق ئىبارىلەر يەنى يېزىلغان تەقدىردىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان بەلگىلىمىلەر ۋاقىتىنچە يېزىلمىغان. پۇقرالارنىڭ بۇ خىل ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە ماددىي كاپالەت ۋە قانۇنى كاپالەتلەرمۇ بەلگىلەنگەن: مەسىلەن، (1) پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ماددىي كاپالەتكە ۋە قانۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان، ئاساسىي قانۇننىڭ 38 - ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ كىشىلىك ئىززىتى دەخلىسىزدۇر. پۇقرالارنى ھەر قانداق يول بىلەن ھاقارەت كەلتۈرۈش، تۆھمەت قىلىش ۋە قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن، «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ۋە «ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش - جازالاش نىزامى» قاتارلىقلاردا باشقىلارنى ئۇچۇق ئاشكارا

ھالدا ھاقارەتلىگەن ياكى پاكىتنى بۇرمىلاپ باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلارغا قارىتا كونكرېت جازا ئۆلچىمى، پۇقرالارنىڭ يۇقىرىدىكى ھوقۇقى قانۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان، (2) ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنى بەلگىلەشتە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئاساس قىلىنغان. ھوقۇق - ئەركىنلىكنىڭ ئىشقا ئېشىشى جۇملىدىن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەركىنلىك، ھوقۇقنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يېڭى ئاساسىي قانۇندا ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئەمەلىي ھەم ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان مەزمۇنلار تولۇق يېزىلغان، شەرت - شارائىت يارىتىپ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىرىمۇ يېزىلغان، ئەمما ۋاقتىنچە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان مەزمۇنلار يېزىلمىغان، مەسىلەن: بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان كۆچۈش ئەركىنلىكى دۆلىتىمىز يېڭى ئاساسىي قانۇندا يېزىلمىغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى پۇقرالارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغان نەرسىلەر مەسىلەن «تۆت چوڭ ئەركىنلىك»، ئىش تاشلاش ھوقۇقى قاتارلىقلار يېزىلمىغان. بۇلار يېڭى ئاساسىي قانۇندىكى پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقىنىڭ ھەقىقىلىقىنىڭ يەنە بىر كونكرېت ئىپادىسىدۇر.

ئىككىنچى، ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: (1) ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغۇچى ئوبيېكتنىڭ كەڭلىكى. دۆلىتىمىزدە ئېكىسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلغانلىقتىن، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولغۇچى ئوبيېكت زور دەرىجىدە كېڭەيدى. ھەر مىللەت ئىشچىلىرى، دېھقانلىرى، زىيالىيلىرى، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قانۇندىكى ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغۇچى ئوبيېكتتۇر. 1981 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، پەقەت سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى پۇقرالار يېشى 18 گە توشقان پۇقرالار ئومۇمىي سانىنىڭ 99.97% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق كەڭ دېموكراتىيە مەملىكىتىمىز تارىخىدا ھەتتا دۇنيا تارىخىدا بولۇپ باقمىغان. (2) پۇقرالار بەھرىمەن بولىدىغان ئەركىنلىك - ھوقۇقنىڭ كەڭ دائىرىلىكلىكى. يېڭى ئاساسىي قانۇن پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، جىسمانىي، جەمئىيەت ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە كېڭەيتىلگەن: بۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) پۇقرالارنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى — قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئاز ساندىكى ئۇنسۇرلاردىن باشقا، يېشى 18 گە توشقان، دۆلىتىمىز پۇقرالىرى مىللىتى، ئىرقى، جىنسى كەسپى ئائىلە كېلىپ چىقىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئولتۇراقلىشىش ۋاقتى قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن بىردەك سايلاش - ساي-

لىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ سۆز، مەتبۇئات، مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، نامايىش قىلىش ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى ئۈستىدىن تەنقىت، تەكلىپ بىرىش، ئەرىز قىلىش، پاش قىلىش، شىكايەت قىلىش، قانۇن بويىچە تارتقان زىيانىنى تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. (2) دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. (3) دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى دەخلىسىزدۇر، بۇ جىسمانىي ئەركىنلىكىنىڭ دەخلىسىزلىكى ئاساسەن كىشىلىك ئىززىتىنىڭ دەخلىسىزلىكى، تۇرار جايىنىڭ دەخلىسىزلىكى، خەت - ئالاقە ئەركىنلىكى ۋە خەت - ئالاقە مەخپىيىتىنىڭ قانۇن بىلەن قوغدىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (4) دۆلىتىمىز پۇقرالىرى ئىجتىمائىي ئىگىلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. (5) پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ھوقۇقى. (6) دۆلىتىمىز ئاياللىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت ۋە ئائىلىۋى ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە. (7) دۆلەت مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ ھەققانىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، ۋە باشقىلار.

ئۈچىنچى، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ باراۋەرلىكى. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: (1) قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلاردىن باشقا پۇقرالارغا بېرىلگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بىردەك باراۋەر بولۇپ باشقا ھېچقانداق قوشۇمچە شەرتلەر بەلگىلەنمىدى. (2) ئەر - ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى باراۋەر بولىدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ 48 - ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئەرلەر بىلەن تەڭ ھوقۇققا ئىگە» دەپ بەلگىلەندى. (3) ھەر قايسى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولىدۇ. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنى، ھوقۇق مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ، ھەر قانداق مىللەتنى ئىزىش ۋە كەمسىتىشنى مەنئى قىلىدۇ. (4) بارلىق پۇقرالار قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولىدۇ. يېڭى ئاساسىي قانۇن دۆلىتىمىز پۇقرالىرىدىن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھوقۇقتىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇش، مەجبۇرىيىتىنىمۇ باراۋەر ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر قانداق ئورگان، تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا قانۇنسىز ھالدا دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا ياكى مەقسەتلىك ھالدا باشقىلارنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئېغىرلىتىۋېتىشىگە يول قويمايدۇ. ھەر قانداق پۇقرا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغاندا، قانۇننى ئوخشاش تەدبىق قىلىش، ھەر قانداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا قارشى تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنىڭ بىردەكلىكى. يېڭى ئاساسىي

قانۇننىڭ 33 - ماددا ئۈچىنچى تارمىقىدا: «ھەر قانداق پۇقرا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئاساسىي قانۇندا ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنىڭ بىردەكلىكىنى كونكرېتنى ھالدا ئىشقا ئاشۇردى. بۇ ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇننىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى يەنى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ بارلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ تۈزۈملىرىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ: (1) بارلىق پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ كاپالىتىگە ئىگە بولىدۇ، شۇنىڭدەك بارلىق پۇقرالار يەنە بۇ ھوقۇقلاردىن قالايمىقان پايدىلانماسلىقتىن ئىبارەت مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ئاساسىي قانۇن بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا قارىتا تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىش ھوقۇقىنى بەلگىلەپ، پۇقرالارنىڭ جىسمانى ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ئىززىتى قاتارلىقلارغا ھەقىقى كاپالەتلىك قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پۇقرالار بۇ خىل ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكى لازىملىقى بەلگىلەندى. (2) پۇقرالار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى شەرتلىكى بەلگىلەندى. دۆلىتىمىزدە، دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ھوقۇقى بىلەن مەجبۇرىيىتى بىردەك، ھەر قانداق بىر پۇقرا مەجبۇرىيەتتىنلا ئۆتەپ ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ، ھەر قانداق بىر پۇقرا يەنە ھوقۇقتىنلا بەھرىمەن بولۇپ، مەجبۇرىيەتتىن باش تارتالمايدۇ. پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى جەھەتتە يېڭى ئاساسىي قانۇن 1978 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تۆرلۈك مەجبۇرىيەتلەر توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارغاندىن سىرت يەنە پۇقرالارنىڭ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، شان - شۆھرىتى ۋە مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىقىنى بەلگىلىدى. ئۇندىن باشقا يەنە 1954 - يىلىدىكى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. دېمەك پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزىشى، مەجبۇرىيەتنى ئاڭلىق ئادا قىلىشى دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. (3) يېڭى ئاساسىي قانۇن يەنە ئىلگىرىكى ئاساسىي قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن «پۇقرالارنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى بار» دېگەننى پۇقرالارنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى» دەپ، «پۇقرالارنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقى بار» دېگەننى «پۇقرالارنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار» دەپ ئۆزگەرتتى، بۇنداق ئۆزگەرتىش — سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئاستىدىكى پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى.

# سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەك كۈچى تاۋار بولامدۇ؟

جۇماخۇن نىياز

كاپىتالىزم شارائىتىدا ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولىدىغانلىقى ماركسىزم كلاسسىكلىرى تەرىپىدىن دەلىللەپ بېرىلگەن مەسىلە بولۇپ، بۇ مەسىلىدە ھازىر ئىختىلاپ يوق، لېكىن، سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇش — بولماسلىق مەسىلىسى ھازىر قىزغىن مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ، بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ خېلىلا چوڭ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى مۇھاكىمىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، توغرا، ئىلمىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىۋېلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇنى بۇ مەسىلىنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسىدىكى ئورنى ۋە رېئال تۇرمۇشتىكى يېتەكچى ئەھمىيىتى بەلگىلىگەن. چۈنكى، بۇ مەسىلە بىر تەرەپتىن ماركسنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئىككى ئۇلۇغ كەشپىياتىنىڭ بىرى، ماركسىزمنىڭ ئىقتىسادىي تەلىماتىنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى بولغان قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسىنىڭ تەقدىرى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولغاچقا، ھەرگىز يېنىكلىك قىلىپ خالىغانچە بىر نېمە دەپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش ھەم ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس. شۇڭا، بۇ مەسىلىگە ئەستايىدىل، جىددىي مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

مېنىڭچە، بۇ يەردە ئالدى بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسىنى ھەل قىلىۋېلىش كېرەك. ئۇ چىقىش نۇقتا نېمە؟ بۇ ئەمگەك كۈچى زادى قانداق شارائىتتا تاۋارغا ئايلىنىدۇ؟ ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى ئۈچۈن زادى قانداق شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك؟ بۇنىڭ بىلەن مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈم ئوتتۇرىسىدا، مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بارمۇ - يوقمۇ؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىلەر ھەل بولسا باشقا مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولۇشى ۋە ئۇنى چۈشەندۈرۈشمۇ ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مەسىلە ماركس - ئېنگېلس تەرىپىدىن ئاللىقاچان نەزەرىيە جەھەتتە ھەل قىلىنغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى بىرخىل تارىخىي ھادىسە، ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى ئۈچۈن مۇنداق ئىككى شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك: بىرىنچىدىن، ئەمگەكچى كىشىلىك ئەركىنلىككە ئىگە بولغان

بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئەمگەكچى ئۆز ئەمگەك كۈچىنىڭ مۈلۈكدارى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى سېتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، يەنى ئەمگەكچىلەر ئەگەر قۇللارغا ياكى يانچىلارغا ئوخشاش كىشىلىك ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنىدىكەن، ئۇھالدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى سېتىش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ-دە «ئەركىن ئادەمدىن قۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ، تاۋار ئىگىسىدىن تاۋارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.» (ماركس) ئىككىنچىدىن، ئەمگەكچىلەردە ئەمگەك كۈچىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە قالماسلىقى، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن ئايرىلغان بولۇشى كېرەك. «ئۇنىڭ ساتىدىغان باشقا تاۋىرى بولمايدۇ، ئۇ شۇقەدەر ئەركىنكى، ئۇنىڭ ھېچنىمىسى يوق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى رېئاللاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىگە ئەمەس.» (ماركس) شۇڭا، ئەمگەكچى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلاجسىز قالىدۇ-دە تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. خۇددى ماركس كۆرسەتكىنىدەك «ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن باشقا ھېچقانداق مۈلكى بولمىغان بىر كىشى ھەرقانداق ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھالەتتە، ئەمگەكنىڭ ماددىي شارائىتىنى ئىگىلىگەن باشقا كىشىلەرنىڭ قۇلى بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ شۇ كىشىلەرنىڭ رۇخسىتى بىلەنلا ئەمگەك قىلالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شۇلارنىڭ رۇخسىتى بىلەنلا ياشىيالايدۇ.» (ماركس)

دەل ئەنە شۇنداق ئىككى شەرت ھازىرلانغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەمگەك كۈچى ئاندىن تاۋارغا ئايلىنىدۇ، بۇ ئىككى شەرت فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئۇششاق تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كۈنسايىن پارچىلىنىشى، بولۇپمۇ كاپىتالنىڭ دەسلەپكى جۇغلىنىشى جەريانىدا ھازىرلانغان. بۇ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش جەريانى، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ياللانما ئىشچىلارغا ئايلىنىش، بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان كاپىتالىستىك تۈزۈم ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەريانى، بۇ جەرياننى تەكشۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ:

1. ئەمگەك كۈچى ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا تاۋار بولۇۋەمەيدۇ، بەلكى پەقەت مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتى ئاستىدىلا تاۋارغا ئايلىنىدۇ. ئەمگەك كۈچى ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپلا مەۋجۇت. ئۇ، ئادەملەرنىڭ ئەمگەك قابىلىيىتىنى، ئادەم بەدىنىدىكى جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەرقانداق ئىشلەپچىقىرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللاردىن بىرى، لېكىن، ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى بولسا بىرخىل تارىخىي ھادىسە بولۇپ، خۇددى پۇل مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتى ئاستىدىلا كاپىتال بولىدىغىنىغا ئوخشاش ئەمگەك كۈچىمۇ مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتى ئاستىدىلا تاۋار بولىدۇ. كاپە-

تالىزم شارائىتىدا، خۇددى ماركس ئېيتقاندەك «ئەمگەكنىڭ ماددىي شارائىتىنى» يەنى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى، ئەمگەك قوراللىرىنى ۋە خام ئەشيالارنى ئازساندىكى كاپىتالىستلار ئىگىلەپ ئالغانلىقى ئۈچۈن «ئىشچى ئۆزىگە زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈنلا» ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى «بۇ خىل تىرىكچىلىك پائالىيىتىنى باشقىلارغا ساتىدۇ»، «ئەمگەكنىڭ ماددىي شارائىتىنى» ئىگىلىۋالغان كاپىتالىستقا سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. «ئىشچىلارنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيىتى پەقەتلا ئۇنىڭغا ياشاش ئىمكانىيىتى بېرىدىغان بىر خىل ۋاستە بولىدۇ، ئىشچى ياشاش ئۈچۈنلا ئىشلەيدۇ.» بۇنداق شارائىت ئاستىدا، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى — ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى ئاستىدىلا، ئەمگەك كۈچى ئۆزىنىڭ ئىگىسى، يەنى ياللانما ئىشچى تەرىپىدىن كاپىتالغا سېتىۋېتىلگەن بىر خىل تاۋار بولۇپ قالىدۇ. ياللانما ئىشچى پەقەت كاپىتالىستلار ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت بىكارغا ئەمگەك قىلىپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىشقا — تىرىكچىلىك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇنى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بەلگىلىگەن. چۈنكى، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن باشقا ھېچنەرسىسى بولمىغان سىنىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كاپىتالنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى، ئەمگەك كۈچىنىڭ كاپىتال تەرىپىدىن كۆپلەپ سېتىۋېلىنىشى ۋە ئۆز نۆۋىتىدە كاپىتالنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتىپ بارىدىغان ۋاستە بولۇپ بېرىشى ئارقىسىدا ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى.
كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي ھالەتلەردە، مەسىلەن، فېئوداللىق، قۇللۇق جەمئىيىتىدە ئەمگەك كۈچى تاۋارغا ئايلىنىدىغان شارائىت بولمىغاچقا، ئەمگەك كۈچى تېخى تاۋارغا ئايلانمىغان ئىدى. قۇللۇق جەمئىيەتتە قۇل ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچى بىلەن بىللە ئۆز خوجايىنىغا بىراقلا مەڭگۈلۈك سېتىلاتتى. بۇ يەردە قۇلدارلارغا سېتىلغىنى قۇلنىڭ ئەمگەك كۈچى ئەمەس، بەلكى قۇلنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇل بىر مۈلۈكدارنىڭ قولىدىن يەنە بىر مۈلۈكدارنىڭ قولىغا ئۆتىدىغان تاۋار ئىدى، لېكىن، ئۇنىڭ ئەمگەك كۈچى تاۋار ئەمەس ئىدى. فېئوداللىق جەمئىيەتتە بولسا، يانچىلار يەرگە بېقىنغان بولۇپ، يەر ئىگىلىرىگە قۇل بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. يانچىلار پەقەت ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەمگەك كۈچىنىلا يانچىدارلارغا ساتاتتى، لېكىن ھەق ئالمايتتى، ئەكسىچە يەر ئىگىلىرى يانچىلاردىن سىلىق ئېلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە دەرىجىدىن تاشقىرى ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزەتتى. شۇنداقتىمۇ ئەمگەك كۈچى تاۋارغا ئايلىنىدىغان تارىخىي شارائىت ھازىرلانمىغان ئىدى. كاپىتال پەقەت ئەمگەك كۈچى بىلەن ئالماشتۇرۇلۇش، پەقەت ياللانما ئىشچىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئارقىسىدىلا كۆپىيىپ بارالايدۇ. ياللانما ئىشچىنىڭ ئەمگەك كۈچى پەقەت كاپىتالنى

كۆپەيتىپ بارغان چاغدىلا، ئاندىن كاپىتال بىلەن ئالمىشالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كاپىتال ياللانما ئەمگەكنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، ياللانما ئەمگەك بولسا ئۆز نۆۋىتىدە كاپىتالنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ؛ بىر-بىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ.» دېمەك، قۇللۇق، فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئەمگەك كۈچىنى تاۋارغا ئايلاندۇرىدىغان تارىخىي شارائىت ھازىرلانمىغاچقا، ئەمگەك كۈچىمۇ تاۋار ئەمەس ئىدى. ئەمگەك كۈچى پەقەت «ئىشچى خۇسۇسىي مۈلۈكدارغىمۇ، يەرگىمۇ تەئەللۇق ئەمەس»، «بىرەر كاپىتالىستقا تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل كاپىتالىستلار سىنىپىغا تەئەللۇق» بولغان (ماركس)، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئاستىدىلا تاۋارغا ئايلىنىدۇ. ھەرگىز ھەرقانداق شارائىتتا تاۋار بولۇۋەرمەيدۇ.

2. ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى بىلەن ئادەتتىكى ئادەم ياللاشنى بىر-بىرىدىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى كاپىتالىستىك تۈزۈم بولۇپ، ئۇ كاپىتالىزمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى. ياللانما ئەمگەكچىلەر ياراتقان بايلىقنىڭ قوشۇمچە قىممەت شەكلىدە كاپىتالىستلار تەرىپىدىن ھەقسىز ئۆزلۈكسىز ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئۆزلۈكسىز كاپىتالغا ئايلىنىپ تۇرۇشى دەل ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىنىڭ بىر ئاساسىي بەلگىسى. پەقەت ئەنە شۇنداق شارائىت ئاستىدىلا ئەمگەك كۈچى تاۋارغا ئايلىنىدۇ. ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى ئەمگەكچىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەمگەكچىنىڭ ئەمدى كاپىتالغا بېقىنىدىغان ياللانما ئەمگەكچىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ دەل كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ يەنى — قوشۇمچە قىممەتنى شىلىۋېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كاپىتالىزمغا خاس بولغان ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى بىلەن جەمئىيەتتە ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئادەتتىكى ئادەم ياللاش ھادىسىسىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى كاپىتال بىلەن ياللانما ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشتىن ئىبارەت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ سىياسىي جەھەتتە پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسە قىلىشقا بولمايدىغان زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىنى يوقاتماي تۇرۇپ بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى بىلەن ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بار. چۈنكى ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى شارائىتىدا تاۋار سېتىپتىكى «ئىشچى ئىختىيار قىلسا، ئۆزىنى ياللىغان كاپىتالىستنى تاشلاپ كېتەلەيدۇ»، لېكىن «ئەگەر ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈشنى خالىمايدىكەن، پۈتكۈل سېتىۋالغۇچىلار سىنىپىنى، يەنى كاپىتالىستلار سىنىپىنى تاشلاپ كېتەلمەيدۇ. ئىشچى بىرەر كاپىتالىستقا تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل كاپىتالىستلار سىنىپىغا تەئەللۇق» بولۇپ قالىدۇ.

(ماركس) دېمەك، ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى ئەمگەك كۈچىنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش (ياللاش - ياللىنىش) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. ئادەتتىكى ئادەم ياللاش بولسا ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى (ساتقۇچىلار سىنىپى بىلەن سېتىۋالغۇچىلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى) سىنىپىي مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى جەمئىيەت ئەزالىرى ياكى ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئەمگەك ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى، سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئادەم ياللاش ھەرگىز «سېتىۋالغۇچىلار سىنىپى» بىلەن «ساتقۇچىلار سىنىپى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئادەتتىكى ئادەم ياللاش «سېتىۋالغۇچىلار سىنىپىنى» كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئەمگەك كۈچىمۇ «سېتىۋالغۇچىلار سىنىپى» تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىدىغان تاۋارغا ئايلانمايدۇ، ئادەم ياللاش قۇللۇق، فېئوداللىق جەمئىيەتلەردىمۇ بار ھادىسە بولۇپ، پەقەت كاپىتالىزم شارائىتىدىلا ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسىگە ئايلىنىپ، ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، كاپىتالىزممۇ مۇقەررەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، كاپىتالىستىك تۈزۈم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىمۇ مۇقەررەر مەۋجۇت بۇلۇپ تۇرىدۇ، لېكىن، جەمئىيەتتە ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئادەم ياللاش ھادىسىسى بىلەن سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق مۇقەررەر باغلىنىش يوق، چۈنكى ئادەم ياللاش سوتسىيالىزمدىن ئىلگىرىكى (مەسىلەن، قۇللۇق، فېئوداللىق جەمئىيەتتە) ئىجتىمائىي ھالەتلەردىمۇ مەۋجۇت ھادىسە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى بولمىغىنىدەك، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئاساسىي بەلگىسىمۇ ئەمەس، بەلكى پەقەت كونا جەمئىيەتنىڭ يېڭى جەمئىيەتتىكى داغلىرىدىن ئىبارەت، خالاس.

ھازىر، بەزىلەر كاپىتالىستىك ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى بىلەن ئىككى تەرەپ كېڭىشىش ئارقىلىق بىر تەرەپ ئىككىنچى بىر تەرەپنى ئەمگەك بىلەن تەمىنلەيدىغان، ئىككىنچى تەرەپ بۇنىڭ ئۈچۈن ھەق تۆلەيدىغان ئادەتتىكى ئادەم ياللاشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، بۇنى ئەمگەك كۈچىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا تاۋار بولىدىغانلىقىنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ ئادەتتىكى ئادەم ياللاش بىلەن كاپىتالىستىك ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولۇپ، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ خاتا، ئەمەلىي جەھەتتىمۇ پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

لېكىن، يەنە بەزىلەر ئادەتتىكى ئادەم ياللاشتىمۇ ئېكسپىلاتاتسىيە بار. بۇ ئەمگەك كۈچىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا تاۋار بولىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى - دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە بىلەن تاۋار سۈپىتىدىكى ئەمگەك كۈچى ئوتتۇرىسىغا، قوشۇمچە قىممەت بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسىنى قويىدۇ. بۇ ئۇنداق ئاددىي مەسىلە ئەمەس. ھەممىگە

مەلۇم، ئەمگەكچىلەرنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىش بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ئورتاق ماھىيىتى. لېكىن، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ھالەتلەردە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، يەر ئىجارىسى پومېشچىكلار دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ھەتتا بىر قىسىم زۆرۈر ئەمگىكىنى ھەقسىز ئىگىلىۋالىدىغان فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى بولۇپ، بۇ دېھقانلار بىلەن پومېشچىكلار ئوتتۇرىسىدىكى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ؛ قوشۇمچە قىممەتمۇ ياللانما ئىشچىلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش شەكلى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ياللانما ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئۇ كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ كونكرېت شەكلى، ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ بۇ بىر ئالاھىدە شەكلى ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ باشقا شەكىللىرى بولسا ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلمايدۇ. گەرچە ئادەتتىكى ئادەم ياللاشتا مەلۇم ئېكسپىلاتاتسىيە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى بولۇپ شەكىللەنمەيدۇ، كاپىتالىزمغا ئېلىپ بارمايدۇ، چۈنكى ئۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ چەكلىمىسىگە، سوتسىيالىستىك دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن قانۇن، سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمگەكچىلەرمۇ ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ،

3. ئەمگەك كۈچىنىڭ كاپىتالىزم شارائىتىدا تىرىكچىلىك ۋاستىسى بولۇشى بىلەن سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەكنىڭ يەنىلا تىرىكچىلىك ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، بەزىلەر سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەكنىڭ يەنىلا تىرىكچىلىك ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى ئەمگەك كۈچىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا تاۋار بولۇشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ، بۇ ئەمگەك كۈچىنىڭ كاپىتالىزم شارائىتىدا تىرىكچىلىك ۋاستىسى بولۇشى بىلەن سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەكنىڭ يەنىلا تىرىكچىلىك ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى قاتتىق پەرقلەندۈرمەي ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن بولىۋاتىدۇ. كاپىتالىزم شارائىتىدىكى ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى بىلەن سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. كاپىتالىزم شارائىتىدا ئەمگەك كۈچى كاپىتالغا باغلانغان بولغاچقا ئىشچىنىڭ ئەمگىكى كاپىتال (كاپىتالىست) نىڭ نازارىتى ئاستىدىكى مەجبۇرى ئەمگەك. «ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن باشقا ھېچقانداق مۈلكى بولمىغان» ياللانما ئىشچى بۇيەردە «ئەمگەكنىڭ ماددىي شارائىتىنى ئىگىلىگەن باشقا كىشىلەرنىڭ قۇلى بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ شۇ كىشىلەرنىڭ رۇخستى بىلەنلا ئەمگەك قىلالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شۇلارنىڭ رۇخ-

سىتى بىلەنلا ياشىيالايدۇ.» (ماركس) لېكىن، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ مەجبۇرلىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى تۈگىتىلگەن، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ بىۋاستە بىرلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلغان، بىرلەشكەن ئەمگەكچىلەر ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجاتچانلىق بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ئەمگەك، ھەر بىر ئەمگەك قابىلىيىتى بار ئادەم قاتنىشالايدىغان ئومۇمىيۈزلۈك خاراكتېرگە ئىگە ئەمگەك، ئەمگەككە قاتنىشىشتا ھەممىنى باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلغان، ئىشلىمەي چىشلەشنىڭ يىلتىزى قومۇرۇپ تاشلانغان ئەمگەك. شەخس ئىستېمال بۇيۇملىرى سۈپىتىدىكى ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى تەقسىم قىلىشتا ئەمگەك ئۆلچەم قىلىنىدىغان، ئەمگەكچىلەرنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان ئەمگىكىنىڭ سان - سۈپىتىگە قاراپ ھەق تۆلىنىدىغان ئەمگەك. بۇنداق ئالاھىدىلىك سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى تاۋارلىق ئورنىدىن قۇتۇلغان ئەمگەكچىلەردىلا بولىدۇ. كاپىتالىزم شارائىتىدا ئىشچىلار تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى ساتىدۇ، كاپىتالىستلارغا ياللىنىدۇ. «ئىشچى ئۆزىگە زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈنلا، بۇ خىل تىرىكچىلىك پائالىيىتىنى باشقىلارغا ساتىدۇ»، «ئىشچىلارنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيىتى پەقەتلا ئۇنىڭغا ياشاش ئىمكانىيىتى بېرىدىغان بىر خىل ۋاستە بولىدۇ.» (ماركس) سوتسىيالىزم شارائىتىدا بولسا، ئەمگەك كۈچى تىرىكچىلىك ۋاستىسى سۈپىتىدە ئېلىپ سېتىلىدىغان تاۋار ئەمەس. ئەمگەك كۈچىنى ھېچكىم - ھېچكىمگە تىرىكچىلىك ۋاستىسى سۈپىتىدە ساتمايدۇ. ھەر قانداق بىر جەمئىيەت ئەزاسى ئۆز قابىلىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئىجتىمائىي ئەمگەككە قاتنىشىدىغانلا بولسا، شەخس ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تەقسىماتىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. شەخس ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسى جەمئىيەتنى مەلۇم سۈپەتكە ئىگە بولغان مەلۇم مىقداردىكى ئەمگەك بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىشى كېرەك. بۇ يەردە تىرىكچىلىك ۋاستىسى بولىدىغىنى ئەمگەك كۈچى بولماستىن، بەلكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەمگىكى. بۇ پەقەت يەنىلا پەرق ساقلانغان، ھەق ھېسابلىنىدىغان سوتسىيالىستىك ئەمگەكنىڭ ھەق سورۇشتۇرۇلمەيدىغان، ئەمگەك بىر خىل يۈكسەك تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجىغا ئايلىنىدىغان كوممۇنىستىك ئەمگەكتىن پەرقلىنىدىغانلىقىغىلا قارىتىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەمگەك كۈچىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدىمۇ تىرىكچىلىك ۋاستىسى سۈپىتىدە تاۋار بولىدىغانلىقىغا ئاساس بولالمايدۇ.

4. سوتسىيالىزم شارائىتىدا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىش ھەققى ۋە پايدىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي كاتېگورىيىلەر بىلەن ئەمگەك كۈچىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا تاۋار بولۇش - بولماسلىق مەسىلىسى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش يوق. بەزىلەر ئىش ھەققى بىلەن پايدىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئەمگەك كۈچىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەنكى باسقۇچىدا تاۋار بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەب-

لىرىدىن بىرى قىلىپ كۆرسەتتى. بۇنى شۇنداق دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇكى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەنكى باسقۇچىدا ئىش ھەققى ۋە پايدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمگەك كۈچى تاۋار بولىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىي تاپقان باسقۇچىدا ئىش ھەققى ۋە پايدىدىن ئىبارەت كاتېگورىيە بولمايدۇ، شۇڭا، ئەمگەك كۈچىمۇ تاۋار بولمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە بۇ قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىي تاپقان باسقۇچىدىمۇ ئىش ھەققى ۋە پايدىدىن ئىبارەت ئۇقۇم — قىممەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ئىقتىسادىي پىشاڭ سۈپىتىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر «ئىش ھەققى ۋە پايدا قاتارلىق ئىقتىسادىي كاتېگورىيىلەر» بولغانلىقتىن سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەنكى باسقۇچىدا ئەمگەك كۈچى يەنىلا تاۋار بولىدۇ - دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ لوگىكا بويىچە ئىش ھەققى ۋە پايدا يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىي تاپقان باسقۇچىدىمۇ ئەمگەك كۈچى تاۋار بولۇپ قالامدۇ؟

مەيلى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەنكى باسقۇچى بولسۇن مەيلى سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىي تاپقان باسقۇچى بولسۇن ھەر ئىككىلىسى سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ئىككى باسقۇچى، لېكىن بۇ ئىككى باسقۇچنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش سوتسىيالىستىك تۈزۈم بولۇپ، بۇ تۈزۈمدە ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولماسلىقىنى بۇ تۈزۈمنىڭ ماھىيىتى بەلگىلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىزمنى ئەمگەك كۈچى تاۋار بولىدىغان باسقۇچ ۋە ئەمگەك كۈچى تاۋار بولمايدىغان باسقۇچ دەپ ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئىش ھەققى ۋە پايدا قاتارلىق ئىقتىسادىي كاتېگورىيىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇتلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تاۋار ئىگىلىكىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن قىممەتنىڭ بۇ ئوخشاش بولمىغان شەكىللىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە، مۇقەررەر باغلىنىش يوق.

5. سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسى بىلەن كاپىتالىستىك بازار سىستېمىسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. بەزىلەر سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەك كۈچى بازىرى بار. شۇڭا، «ئەمگەك كۈچى بازىرىدا تاۋار ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك بازار بىلەن كاپىتالىستىك بازار ئوتتۇرىسىدىكى، سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسى بىلەن كاپىتالىستىك بازار سىستېمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرققە بېرىپ تاقىلىدىغان بىر مۇھىم مەسىلە. بىزگە مەلۇم، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى. تاۋار ئىگىلىكى بولغان ئىكەن، تاۋار ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولغان بازارمۇ مۇقەررەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى توغرا لىنىيىلىك ئالاقە بازار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، مەبلەغ، ئەمگەك مۇلازىمىتى، تېخنىكا، خەۋەر - ئۇچۇر قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى مەزمۇن قىلغان توغرا

لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇش، تاۋار، مەبلەغ، تېخنىكا، ئەمگەك مۇلازىمىتى، خەۋەر - ئۇچۇر بازىرىنى ئۆزئىچىگە ئالغان، ئىچىۋېتىلگەن، كۆپ يوللۇق سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك، مەملىكىتىمىزدە بۇنداق سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسى پەيدىنپەي شەكىللەنمەكتە. ئۇ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان، كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرى بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى تەڭ راۋاجلىنىدىغان بىر پۈتۈن بازار بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسى سۈپىتىدە پىلانلىق بازار بىلەن پىلان سىرتىدىكى ئەركىن بازاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. سوتسىيالىستىك بازارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى پىلانلىق تاۋار بازىرى، لېكىن كونكرېت مەزمۇن جەھەتتە، پىلانلىق بازار بىلەن پىلان سىرتىدىكى ئەركىن بازاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. پىلانلىق بازار سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. پىلان سىرتىدىكى ئەركىن بازار بولسا سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىدا پىلانلىق بازارنىڭ زۆرۈر تولۇقلىغۇچىسى ۋە ياردەمچىسى تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، پىلان سىرتىدىكى ئەركىن بازارنىڭ سالمىقى تەدرىجىي كېمىيىپ بارىدۇ، لېكىن پىلانلىق بازار يەنىلا سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەمگەك كۈچى بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇ دەل سوتسىيالىستىك بازارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەھدىلىكى بولۇپ، بۇ ئۇنى كاپىتالىستىك بازاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، چۈنكى سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ھەربىر ئەمگەكچى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىگىلەش مۇناسىۋىتى جەھەتتە باراۋەر، ھەربىر ئەمگەكچى ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئەمگەك كۈچىنى سېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققى — ئىش ھەققى — ئەمگەك كۈچى قىممىتىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئەمەس، بىرجۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا ئەمگەك كۈچى تاۋار ئەمەس، ئەمگەك كۈچى تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇلىدىغان ئەمگەك كۈچى بازىرىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

لېكىن، سوتسىيالىستىك بازار سىستېمىسى ئەمگەك مۇلازىمەت بازىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا پىلانلىق يۆتكىلىپ تۇرۇشىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان سورۇن، ئەمگەكچىلەرنى قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار ئەمگەكچىلەرنى قابىلىيىتىگە قاراپ قوبۇل قىلىش - ئىشلىتىش شەكلى. ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدە يۆتكىلىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەم ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە، چۈنكى، ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ھەرقايسى تارماقلاردا مەلۇم نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىنىشى ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئورتاق قانۇنىيەت. لېكىن ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ھالەتلەردە بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىلا ئوخشىمايدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئۇ خەلق

ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق — نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىش شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ جانلىق شەكلى بولغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭمۇ مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە ئەمگەك كۈچلىرى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدا مۇۋاپىق نىسبەتتە تەقسىم قىلىنىدۇ. مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدە يۆتكىلىپ تۇرۇشىمۇ يول قويۇلىدۇ، مەسىلەن، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردا ئىختىساسلىق خادىملار كۆپ، لېكىن خام ئەشيا كەم، يەر يېتىشمەيدۇ. لېكىن. چەت چېگرا رايونلاردا بولسا، ئەمگەك كۈچى ئاز، ئىختىساسلىق خادىملار تېخىمۇ كەم، خام ئەشيا كۆپ، يەرمۇ كەڭرى. شۇڭا، رايون، سىستېمىلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى كەڭ يولغا قويۇش ئارقىلىق ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەش ئۈچۈن، بۇلارنىڭ مەلۇم دائىرىدە يۆتكىلىپ تۇرۇشىغا ۋە ئالماشتۇرۇلۇشىغا يول قويۇش زۆرۈر. بۇنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ جۈملىدىن ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەمگەك كۈچىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا تاۋار بولىدىغانلىقىغا سەۋەپ بولالمايدۇ. ھەتتا كەلگۈسىدە تاۋار — پۇل مۇناسىۋىتى يوقالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئىجتىمائىي ئەمگەكنى مەلۇم نىسبەتتە تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بۇ بىر ئومۇمىي قانۇنىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئاساسەن، جەمئىيەت مەركىزىي ئەمگەك كۈچلىرىنى پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق تەڭشەپ تۇرىدىغان ئەھۋال يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ.

يۇقىرىدىكى تەھلىللىرىمىزدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئەمگەك كۈچىنى تاۋارغا ئايلاندۇرىدىغان ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي شارائىتلارغا يەنى ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلگەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن ئەمگەك كۈچى تاۋارلىق ئورنىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنى تىكلەنگەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلەش جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئەمگەك كۈچى تاۋار بولۇشتىن قالىدۇ. بۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا يۈز بەرگەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي بايلىقنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي - مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ بەردى.

# مەملىكىتىمىزدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

ھېكىم زۇنۇن

نوپۇس ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە داۋاملىشىشىنىڭ ئاساسى، دۆلەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى بىلەن تەمىنلەيدىغان مەنبە. ئۇ، تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نوپۇسنىڭ مۇنداق مۇھىملىقى ئۇنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە رولىدىن بەلگىلەنگەن.

مەملىكىتىمىز نوپۇسى كۆپ، تېرىلغۇ يېرى ئاز، ئىقتىسادىي ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن، تەرەققىي قىلىۋاتقان مەملىكەت. مەملىكىتىمىزدە ئۇزۇندىن بۇيان نوپۇسنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە كۆپىيىشى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بەلكى ئۇ نوپۇسنىڭ تېرىلغۇ يەر، ماددىي ۋاسىتىلار، ئەمگەك كۈچى، جۇغلانما، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ زىددىيەتلەر تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەنمەكتە. بۇ ھال مەملىكىتىمىزدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، شۇنداق قىلغاندىلا نوپۇس بىلەن ھەر قايسى ساھەلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەيدىن-پەي ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. پارتىيىمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش سىياسىتىنى بەلگىلىدى. بۇ سىياسەت پارتىيىمىزنىڭ مۇھىم دۆلەت سىياسىتى بولۇپ، ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

× × × ×

مەملىكىتىمىز نوپۇسى كۆپ، تېرىلغۇ يېرى ئاز مەملىكەت. 1949-يىلىدىن 1957-يىلغىچە نوپۇس بىلەن تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆپىيىشى داۋاملىق ئالدىغا ماڭغان

بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك ھالەت يەنىلا ھەل بولماي كەلدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى نوپۇسىمىزنىڭ كۆپلىكى بىلەن تېرىلغۇ يېرىمىزنىڭ ئازلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تونۇشىمىزنىڭ، ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن بولدى.

1949 - يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بىر مىليارد 468 مىليون مو ئىدى. 1957 - يىلىغا كەلگەندە بىر مىليارد 677 مىليون 450 مىڭ موغا يېتىپ، 1949 - يىلىدىكىدىن 14.3% كۆپەيدى، بۇ مەملىكىتىمىز تارىخىدا تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ كۆپىيىشتىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. نوپۇس بولسا، 1949 - يىلىدىكى 478 - مىليون 510 مىڭدىن 1957 - يىلىدىكى 646 مىليون 530 مىڭغا يېتىپ، 1949 - يىلىدىكىدىن 19.5% ئەتراپىدا كۆپەيدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 1949 - يىلىدىكى 3.7 مودىن 1957 - يىلى 2.59 موغا چۈشۈپ قالدى. بۇ، مەملىكىتىمىزدە نوپۇس بىلەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كۆپىيىپ ماڭغان مەزگىللەردىمۇ ئۇلارنىڭ زىددىيەتلىك ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

1957 - يىلدىن كېيىن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى يىلمۇ-يىل ئازقىغا، نوپۇس تەرەققىياتى يىلمۇ-يىل ئالدىغا مېڭىپ، نوپۇس بىلەن تېرىلغۇ يەر ئوتتۇرىسىدا تەتۈر تاناسىپلىق ھالەت شەكىللەندى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك ھالەت تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. تېرىلغۇ يەر 1957 - يىلىدىكى بىر مىليارد 677 مىليون 450 مىڭ مودىن 1983 - يىلىدىكى بىر مىليارد 479 مىليون 100 مىڭ موغا چۈشۈپ، 1957 - يىلدىكىدىن 11% دىن كۆپرەك كېمىيىپ كەتتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 2.59 مودىن 1.45 موغا چۈشۈپ قالدى. ئەكسىنچە نوپۇس 1957 - يىلىدىكى 646 مىليون 530 مىڭدىن 1983 - يىلى بىر مىلياردقا يېتىپ 1949 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسە، 1957 - يىلدىكىدىن 30% كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىز تارىخىدا نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى شەكىللەندى. گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى تىزگىنلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن تۈپ سان چوڭ، ياشلار كۆپ بولغانلىقتىن، يەنىلا ئومۇمىي سان ئېشىپ بارماقتا. ھەر يىلى قوشۇلۇۋاتقان ساپ نوپۇس 14 مىليونغا يېتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەلۇم مەزگىل نوپۇس داۋاملىق كۆپىيىپ، نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىسىنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. تېرىلغۇ يەر بولسا، سانائەتنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ داۋاملىق كېمىيىپ بارىدۇ، بۇ ھال نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق تىزگىنلەپ، نوپۇس بىلەن تېرىلغۇ يەر ئوتتۇرىسىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، سەھىيە
ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئەي بولۇش
نىسبىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. سوتسىيالىزمنىڭ بۇ ئەۋزەللىكى تۇغۇلغان نوپۇسنىڭ
ئەي بولۇشىنى غايەت زور ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. لېكىن پىلانلىق تۇغۇت
ياخشى يولغا قويۇلمىغانلىقتىن، نوپۇسنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققى-
ياتىدىن ئېشىپ كەتتى، تېرىلغۇ يەر بىلەن نوپۇس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك ھالەت
خەلق تۇرمۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. خۇددى 12 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسە-
تىلگىنىدەك: «ھازىر بىزنىڭ ئىگىلىكىمىزنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىمۇ، تاۋار نىسبىتىمۇ
بىر قەدەر تۆۋەن، تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتى-
دارى تېخى ئاجىز، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ كۆپلىكى بىلەن تېرىلغۇ يەرنىڭ ئازلىقى ئوت-
تۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ بارىدۇ①.» شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى
ئاساسى قانۇنىنىڭ 25 - ماددىسىدا؛ «دۆلەت پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇس-
نىڭ كۆپىيىشىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ»
دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، مەملىكىتىمىزدە پىلانلىق
تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان
توغرا ۋە زۆرۈر سىياسەت.

× × × ×

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى مۇنداق
ئىككى نەرسىنى شەرت قىلىدۇ. بىرى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئىشلەپچىقىرىشى، بۇ، ئىن-
سانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى
شەرتى. يەنە بىرى، ماددىي ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىش، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ماددىي ئاساسىي. بۇ ئىككى شەرت ئۆز ئارا
مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. ئەمما نوپۇس بىلەن ماددىي ۋاس-
تىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ئۆز ئارا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، جە-
مئىيەت ئالغا باسىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئادەم ھەم ئىستېمالچى، ھەم ماددىي ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقارغۇچى. لېكىن ئا-
دەمنىڭ ئۆزىنى ئىشلەپچىقىرىشى ماددىي ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن تېز بولىدۇ.
شۇڭا ماددىي ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن نوپۇسنىڭ تەرەققىياتى ئۆز ئارا ماس-
لاشقان بولۇشى كېرەك. مەملىكىتىمىزدە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ماددىي ۋاستىلار-
نىڭ كۆپىيىشى يەنىلا زىددىيەتلىك ھالەتتە بولۇپ كەلدى: 1953 - يىلىدىن 1978 -
يىلغىچە بولغان 25 يىلدا پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي ئىستېمال قىممىتى
2.8 ھەسسە ئاشتى. ئەمما شۇ مەزگىلدە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى 66% گە يېتىپ، نو-

① «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى» 22 - بەت.

پۈسنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال مىقدارى ئاران 1.03 ھەسسە ئۆستى، قالغان قىسمىنى يېگىمدىن قوشۇلغان نوپۇس ئىستېمال قىلدى.

خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئالدى بىلەن نوپۇسنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئىستېمالچى ئاز، ماددىي ۋاستىلار كۆپ بولغان ۋەزىيەتنى يارىتىش لازىم. ماددىي ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىمۇ ئەلۋەتتە پىلانلىق بولىشى كېرەك. خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزگەندە، پىلانلىق توغۇت پىلانىمۇ چوقۇم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلىشى كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى گەرچە ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن. تېرىلغۇ يەر ئاز، نوپۇس كۆپ. بۇ ھال خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسىز. بولۇپمۇ نوپۇس بىلەن تېرىلغۇ يەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت خەلق ئىگىلىكىنى يىلمۇ-يىل ئاشۇرۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاش نىشانىغا يېتىشكە بەلگىلىك قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

بەزى ماددىي بايلىقلار ئىستېمال قىلىنغانسېرى تۈگەپ بارىدۇ. ئۇنى تەكرار ئىشلەپچىقارغىلى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى بىلەن بۇ بايلىقلارنىڭ تۈگىشى شۇنچە تېز بولىدۇ. 12-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ھازىر تېخى دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ماددىي مەدەنىيەت تېخى راۋاج تاپقىنى يوق.»① «ئىگىلىكىمىز ۋە جەمئىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، نوپۇس مەسىلىسى ھامان ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان مەسىلە. پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش — دۆلىتىمىز تۈپ سىياسىتى»② روشەنكى بۇ سىياسەتتە چىڭ تۇرۇش تۇرمۇشلۇق ھازىرقى ئەۋلادلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى ئەۋلادلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان زور ئىش.

× × × ×

نوپۇس تەكرار ئەمگەك كۈچى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى، ئەمگەك كۈچى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىدىكى ئاساسىي گەۋدە، شۇنداقلا تۈرلۈك ماددىي ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا بىۋاستە قاتناشقۇچى ۋە ئۇنى ياراتقۇچى، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك سان ۋە ساپادىكى ئەمگەك كۈچىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئەمگەك كۈچىنىڭ ئاز-كۆپلىكى، ساپاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى جەزمەن ئىشلەپچىقىرىش

---

① «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 12-قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى» 44-بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب 29-بەت.

جەريانىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق، نىسبەت بويىچە راۋاجلاندۇرۇش — سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى. شۇڭا ئەمگەك كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈشمۇ پىلانلىق بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەمكەك كۈچلىرىنىڭ سان-ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئۇنى ئىلغار پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرغىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر يىلى كۆپىيىپ بېرىۋاتقان تۇراقلىق مەبلىغى تېخى ئانچە كۆپ ئەمەس. لېكىن ئەمگەك كۈچىنىڭ كۆپىيىشى بولسا بىر قەدەر تېز. بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1949-يىلىدىن 1966-يىلىغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 مىليوندىن ئەمگەك كۈچى قوشۇلۇپ كەلگەن، 1966-يىلىدىن كېيىن بولسا ھەر يىلى 17 مىليوندىن ئەمگەك كۈچى قوشۇلۇپ كەلگەن. گەرچە دۆلىتىمىز ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمگەك كۈچى ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەچكە دۆلەتكە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرمەكتە. مەسىلەن: دۆلەت 1977-يىلىدىن 1979-يىلىغىچە ھەر يىلى 8 مىليون ئەتراپىدا ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، 1980-يىلى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەمگەك كۈچى 8 مىليون 500 مىڭغا يەتتى. 1981-يىلىدىن كېيىن بولسا 9 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ كەلمەكتە. پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغان ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ھەر يىلى يېتىشىپ چىقىۋاتقان ئەمگەك كۈچى 14 مىليون ئەتراپىدا بولماقتا. دۆلەت 1990-يىلىغا كەلگەندە، ھەر يىلى 14 مىليون 500 مىڭ ئەمگەك كۈچىنىڭ قوشۇلۇپ ماڭىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمەكتە. بۇنىڭدىن ئەمگەك كۈچىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىشى كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمگەك كۈچلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ نۆۋەتتىكى پىلانسىزلىقى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بىر قانچە يىلدىن كېيىنكى پىلانسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى — ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىمۇ پىلانلىق ھالدا يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى يېتەكچىلىك ئورنى پىلانلىق تۇغۇتنى ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئايرىلماس بىر مۇھىم ھالقىسىغا ئايلاندۇردى.

گۈزەل-باياشات تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ھەر بىر كىشىنىڭ ئارزۇسى ۋە غايىسى. ھالبۇكى بۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم ئەمگەك كۈچلىرىنى پىلانلىق ھالدا يېتىشتۈرۈپ، ئۇنى ئىلغار پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىستېمال ۋاستىلىرى مول، خەلق تۇرمۇشى باياشات، خەلق ئىگىلىكى راۋاج تاپقان ۋەزىيەت يارىتىلغىلى بولىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەت يارىتىشتىكى ئاچقۇچ يەنىلا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتا. گەرچە مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىك مەملىكىتى بولسىمۇ، لېكىن ئەمگەك كۈچى ئوشۇقچىلىقى مەۋجۇت. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمگەك كۈچى 400

مىليوندىن ئاشىدۇ. ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 3.5 موغا يەتمەيدۇ. (1951-يىلى 9.3 مودىن توغرا كېلەتتى) پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 80% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان دېھقانلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشى تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئانىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش، ئۇلارنى ھەر خىل كېسەل ئازاپلىرىدىن خالى قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، خىزمىتى ۋە ئۆگىنىشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئەر-ئايال خىزمەت قىلىدۇ ياكى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ كۆپ بولىشى ئۇلار ئۈچۈن بىر يۈك. پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئىشلىشى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

× × × ×

جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇستەھكەملەش جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسي. نوپۇس ئىجتىمائىي جۇغلانمىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ماددىي ئاساسي بىلەن يەنى ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. سوتسىيالىستىك ماددىي ۋاسىتىلارنى ئىشلەپچىقىرىش كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك جۇغلانمىنى داۋاملىق ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بولۇپمۇ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى مۇئەييەن دائىرىدە قاتتىق كونترول قىلىپ، ئىجتىمائىي جۇغلانمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش لازىم. يولداش جۇ ئېنلەي مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «بىز نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلىشىمىز لازىم، بۇنىڭ بىز ئۈچۈن پايدىسى بار. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، جۇغلانمىنى ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى تېز ۋاقىت ئىچىدە بېيىتالايمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلىم-پەن سەۋىيىمىزنى تېزدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، باشقىلارغا يېتىشىۋالالايمىز. سانائەتلىشىش سۈرئىتىمىزنى تېزلىتەلەيمىز.»① بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىكى، پەقەت پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغاندىلا، ئاندىن كۆپرەك جۇغلانما ھاسىل قىلىپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش سىياسىتى ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم سىياسەت. ئۇ، جۇغلانمىنى ئاشۇرۇپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشتە، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىشىدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

① «قىزىل بايراق ژۇرنىلى» 1978-يىل 6-سانىدىن.

مەملىكىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان مەملىكەت. ئېلىمىز سانائىتىدە مەلۇم زامانىۋى
يىرىك سانائەت سىستېمىسى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قول ئەمگىكى خې-
لى چوڭ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يې-
زا ئىگىلىك، سانائەت جەھەتتىكى پەرق يەنىلا زور. ماشىنىلىشىش دەرىجىمىز، پەن-تېخ-
نىكا جەھەتتىكى سەۋىيىمىز، تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىمىز بىر قەدەر
تۆۋەن. گەرچە نەچچە يۈز مىليون دېھقان ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسىمۇ،
ئۇلار يەنىلا قول ئەمگىكىنى ئاساس قىلغانلىقتىن، ھەر بىر ئەمگەك كۈچى ئاران
ئىككى مىڭ جىڭ ئەتراپىدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرالايدۇ. كىشى بېشىغا ئاران 500
جىڭدىن ئاشلىق توغرا كېلىدۇ. ئامېرىكىدا ھەر بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىشلەپچىقارغان
ئاشلىقى 170 مىڭ جىڭ بولۇپ، كىشى بېشىغا ئىككى مىڭ 700 جىڭدىن توغرا
كېلىدىكەن. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئومۇمىي كىرىم ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى
بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ، ئېلىمىز دۇنيادىكى كەمبەغەل دۆلەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ-
نىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، بىرىنچىدىن، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي
تۈزۈمى چىرىك، ئىقتىسادىي ئاساسىي ئاجىز بولۇپ، پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئىنتايىن
قالاق ئىدى. دۆلىتىمىز ئەنە شۇنداق قالاق، ئاجىز ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان؛ ئىك-
كىنچىدىن، نۇرغۇن خاتالىق ئۆتكۈزۈلگەن ۋە كۆپ بولغانلىقتىن، جۇغلانما ھاسىل قىلىش يېتەرلىك بولماي
كەلدى. دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتىرىپ تۇرۇشىمىز، ئىگىلىكى تەرەق-
قىي قىلغان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىشىمىز ۋە ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتىشىمىز ئۈچۈن، نو-
پۇسنىڭ كۆپىيىشىنى پىلانلىق ھالدا تىزگىنلەپ، جۇغلانمىنى ئاشۇرۇپ، تەكرار ئىش-
لەپچىقىرىشنى كېڭەيتىپ، ماددىي ئاساسىمىزنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىمىز لازىم.
«تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە
سىياسىي تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىن بولسۇن، ۋە مەيلى
سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش جەھەتتىن بولسۇن،
ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 12-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: 1981-يىلدىن مۇشۇ
ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى
ئىككى قاتلاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ھالبۇكى بۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇ-
مىي مەھسۇلات قىممىتىنى ھەر يىلى 8.7 پىرسەنت ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق
تېز سۈرئەتتە ئېشىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قو-
يۇپ، جۇغلانمىنى كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.
ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى سانائەت
ئىشچىلىرىنىڭمۇ پەن-تېخنىكا مەدەنىيەت سەۋىيىسى، پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش
دەرىجىسى يەنىلا تۆۋەن. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئەمگەك كۈچىنىڭ
كۆپلىكى، ماددىي ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇشقا سالىدى-

غان مەبلەغنىڭ ئىنتايىن چەكلىك بولغانلىقى شۇڭا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخ-
شى ئىشلەپ، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، نوپۇسنىڭ ئې-
شىپ بېرىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىپ بېرىشى ئوتتۇرىسىدىكى جەمئىيەت تەرە-
ققىياتىغا پايدىلىق بولغان تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش كېرەك.

× × ×

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان مەنىۋى مە-
دەنىيەت بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالامىتى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېت تۆتىنچى ئومۇمىي يىغىنىدا: «بىز يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قى-
لىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل مىللەتنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى
ئۆستۈرۈپ، يۈكسەك ئىنقىلابىي غايە ۋە ئەخلاق - پەزىلەتنى تىكلەپ، يۈكسەك مەزمۇنغا باي
بولغان مەدەنىي تۇرمۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۈكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى
مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم.» دەپ كۆرسىتىلدى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدە-
نىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىزمنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ياكى خارابلىشىشىغا، غەلىبە قى-
لىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشنىڭ يۇقىرى
كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياج ئېشىپ بارىدۇ. ھالبۇكى،
پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم
ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغاندا پەرزەنتلەرنى غا-
يىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق قىلىپ تەربىيىلىگىلى بولىدۇ. پەن، مە-
دەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سالىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ.
نۆۋەتتە پەن - تېخنىكا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ،
غايەت زور ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ياراتماقتا، ئەلا نەسىل بولۇشنى تەشەببۇس قى-
لىش، نوپۇسنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، پەن - مەدەنىيەت بىلەن قوراللانغان كىشىلەرنى
يېتىشتۈرۈش - سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ تەلىپى بولۇپ قالدى. شۇڭا، پىلانلىق تۇ-
غۇتنى يولغا قويۇش جەمئىيىتىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا ماسلىشىشتىمۇ مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە.

بەزى كىشىلەر «كۆپ پەرزەنتلىك بولساڭ بەختلىك بولىسەن» دەپ قارايدۇ.
بۇنداق قاراشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. پەرزەنتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ئائىلىلەرگە ۋە
دۆلەتكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى پەرزەنتلەرنىڭ
پەن - مەدەنىيەت ئۆگىنىشىگىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزى جايلاردا بولۇپمۇ بىر قى-
سىم يېزىلاردا پىلانلىق تۇغۇت ياخشى يولغا قويۇلمىغاچقا بەزى ئائىلىلەردە پەرزەنتلە-
رىنى ئوقۇتالماسلىق ئەھۋاللىرى ھېلىمۇ مەۋجۇت. شۇ سەۋەپتىن، يېزىلاردا مائارىپنىڭ
ئومۇملىشىش ئەھۋالى 70% بولىۋاتىدۇ. ساۋاتسىز قېلىۋاتقان ياشلارمۇ يوق ئەمەس.

ئەگەر بۇ ئەھۋالنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا ياكى مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلمىسا، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھازىر مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىلەر نوپۇسنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، پەرزەنت كۆپ بولسا تەربىيىلەش جەھەتتىكى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق خىراجەتنىڭ كۆپىيىپ، تۇرمۇشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويماقتا. بۇ ئۇلاردىكى ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، قىز پەرزەنت كۆرۈشنى خالىمايدۇ، ئۆز فامىلىسىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئويلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنى ئويلىمايدۇ. بۇ نادانلىقنىڭ، مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى. ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئەۋلادىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن جەزمەن ئىككى جىنس بولۇشى كېرەك. شۇڭا پەرزەنتلەر مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بولسۇن، ئۇنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پەرزەنتى دەپ قاراپ، ياخشى ئاسرىشىمىز، ساغلام ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم سىياسىتى. ئۇ، تويى قىلىپ بولغانلار ئۈچۈنمۇ، تويى قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈنمۇ، يېزىلار ئۈچۈنمۇ، شەھەرلەر ئۈچۈنمۇ، خەنزۇلار ئۈچۈنمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر. بىز پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى پىلانلىق ھالدا تىزگىنلەپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

---

## ئەلشىر ناۋايىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى

△ دەرياغا يېقىن تۇرۇپ تەشنا قالما، شادلىق ۋە خۇشاللىق ماكانىدا يىغا-زاردىن سۆزلىمە.

△ بىراۋلارنىڭ ئەيىبىنى ساڭا ئېيتقان كىشى سېنىڭ ئەيىبىڭنىمۇ باشقىلارغا ئېيتار.

△ قول بىلەن ياخشىلىق بولمىغاندا تىل بىلەنمۇ ئۇنى ئورۇنلاش مۇمكىن.

△ ئۆزەڭگە لايىق كۆرمىگەننى خەلققە راۋا كۆرمە

△ ئادالەت بىلەن ئىش قىلغان شاھ ۋەيرانىلارنى ئاۋات قىلىدۇ.

△ دۈشمەن كۆزۈڭگە كۆرۈنمىگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پەرۋاسىز بولما، چۈنكى شامالمۇ كۆزگە كۆرۈنمەي كېلىپ شامنى ئۆچۈرىدۇ.

توپلىغۇچى: ئابدۇكېرىم راھمان

---

# ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئەدەبىيات ــ سەنئەت

تۇرسۇن قۇربان

( 1 )

ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «شۇنى ئېنىق تونۇش لازىمكى، پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىدا يارىتىلغان مەدەنىيەتنى ئېنىق چۈشەنگەندىلا، پەقەت بۇ خىل مەدەنىيەتكە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىلا، ئاندىن پرولېتارىياتنىڭ مەدەنىيىتىنى قۇرغىلى بولىدۇ، بۇنداق تونۇمىساق بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمايمىز»① دەپ ئېيتقان ئىدى. لېنىن ئېيتىۋاتقان پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ــ ئىشچىلار سىنىپى ۋە بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭىدىن ياراتقان مەدەنىيىتى، ئۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى ئىلغار تەرەپلەرگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى داۋاملىق ئىسلاھ قىلىپ، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىق ھالدا ئۆزگەرتىش، ئىجاد قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ــ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار تارىخىي باسقۇچ بولغاچقا، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى ئۇنىڭ نامىغا ۋە ئىناۋىتىگە يارىشا ئەڭ ئىلغار، ئەڭ يۈكسەك بولۇشى، يۇقىرى سۈپەت ئۆلچىمى بويىچە تەرەققىي قىلىشى، كۈنسېرى ئۆزگىرىۋاتقان، يېڭىلىنىۋاتقان، يۈكسىلىۋاتقان تارىخىي ئېقىمنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىشى لازىم.

پارتىيىمىز خىزمەت نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىگەندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. ھەممە ساھەدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات قوزغىلىپ، ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش دولقۇنى پەيدا بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئېلىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن يېڭى تەلەپمۇ پەيدا بولدى. 12 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى» ئەنە شۇ تەلەپ ۋە ئېھتىياجنىڭ مەھسۇلى.

ئەدەبىيات-سەنئەت ئەزەلدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر چوڭ قىسمى بولۇپ، پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلگەن. يۈكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ سان - سۈپىتىنىڭ قانداقلىقى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگىلەردىن بىرى. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كەڭ، چوڭقۇر ۋە كۈچلۈك ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە تەسىرچانلىققا ئىگە بولغانلىقىدا. ئۇنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى: بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان؛ ئىككىنچىدىن، ئومۇمىي ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ئىشىغا يول ئېچىپ بېرىدىغان؛ ئۈچىنچىدىن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتىن قەتئىي ئېغىپ كەتمەيدىغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ستراتېگىيىلىك ئورنى بىلەن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى، يۆنىلىشى بىردەكلىككە ئىگە.

(2)

مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى، جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىكى ئۇنۇملۇك مېھنەتلىرىنىڭ سەمەرىسى. ئۇ، بىر مەملىكەت ياكى بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم تارىخىي باسقۇچلىرىدىكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىلەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدىغان تارىخىي كاتېگورىيە.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئومۇمەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، ماددىي مەدەنىيەت، يەنە بىرى مەنىۋى مەدەنىيەت. ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ماددىي مەھسۇلاتلىرى ماددىي مەدەنىيەت دەپ ئاتىلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى مەنىۋى جەھەتتىن چۈشىنىش، ئىگىلەش جەريانىدىكى روھىي ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى مەنىۋى مەدەنىيەت دېيىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاقى قۇرۇلۇشى بىلەن مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى — مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرىدۇر.

ماددىي مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيانى چۈشىنىش، ئىگىلەش، تەبىئەت ۋە تەبىئىي هادىسىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۈرەشنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، ئۇ هامان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ماددىي تۇر-

مۇشىنىڭ ئۆسۈشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت - مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىي، شۇڭا بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقىنى ئۆلچەشتە، ئالدى بىلەن ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىگە قارىلىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى روھىي جەھەتتىن ئىگىلەش، ئۆزگەرتىش كۈرىشىنىڭ مېۋىسى بولغاچقا، ئۇ هامان كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش تەرەققىياتىدا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاقى چۈشەنچىلىرىدە ۋە ھەرىكەتلىرىدە (ئىدىيىۋى - سىياسىي، پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، دىنىي، مىللىي، ئىقتىسادىي، قانۇن تۈزۈم، دىنىي قاراشلىرىدا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىدە، ئىنتىزامچانلىقىدا، ئىقتىدارىدا) ۋە مائارىپ، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت، باشقا مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە، مۇشۇ قۇرۇلۇشلاردىكى سەۋىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، بۇلار بىر - بىرىگە باغلىق هالدا تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. ئومۇمىي ئەھۋالدا، ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ۋەزىيىتى، تەرەققىيات سۈرئىتى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى بەلگىلەيدۇ؛ مەنىۋى مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ سان - سۈپەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ساغلام، ئىلمىي بولسا، ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى - ئەخلاقىنى ياخشىلاپ، ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، غايىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى زور ئۇنۇمگە ئېرىشىدۇ.

لېكىن ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا دائىم تەكشۈكلۇق بولۇۋەرمەيدۇ: بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ناچارراق شارائىتتا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلىشى مۇمكىن؛ ئىككىنچىدىن، ماددىي مەدەنىيىتى يۇقىرى بولسىلا مەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى - ئەخلاقى قۇرۇلۇشىنى ساغلام، ئۈلگىلىك دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىدىيىۋى يېتەكچىلىكى مەسىلىسى. ئەگەر مەنىۋى مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىدىيە خاتا بولسا، ماددىي مەدەنىيەت يۇقىرى بولغان هالەتتىمۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار بولۇشى ناتايىن؛ ئۈچىنچىدىن، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىككى تەرىپىدىمۇ تەكشۈكلۈكنىڭ ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئەخلاقىي - ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش بىلەن مائارىپ، ئىلىم - پەن ۋە باشقا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرى تەكشۈك بولۇۋەرمەيدۇ. ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا، ئوكيانىيە، ياپونىيەلەرنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن ۋە باشقا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرى يۈكسەك دەرىجىدە بولسىمۇ، بۇ دۆلەتلەردە ئىدىيىۋى - ئەخلاقتا چىرىكلىك، ۋەھشىلىك، ئالدامچىلىق، شەھۋانىلىق ئىللەتلىرى ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت. ئومۇمەن، ئىككى مەدەنىيەت ئوتتۇرىسى-

دىكى تەڭپۇڭلۇقىنى، جۈملىدىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش مۇھىم ۋە مۇشكۇل ئىش.

(3)

ئەدەبىيات - سەنئەت ئالاھىدە تىپتىكى ئىدېئولوگىيە شەكلى، بىرخىل ئوبرازلىق تەربىيە ۋاستىسى بولۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر چوڭ ساھەسى. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بەدىئىي جەھەتتىن تونۇش ۋە ئىگىلەش شەكلىدۇر. شۇڭا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئالاھىدە شەكىلدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت، ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىلگەن دۇنيا «ئىككىنچى تەبىئەت» دەپ قارىلىپ كەلدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن ماددىي مەدەنىيەت دىئالېكتىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە: ماددىي مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قۇرۇلمىسىغا ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ماددىي مەدەنىيەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تېمىسىدا، ئوبرازلىرىدا، سۈژىتىدا، غايىسىدا تۈپكى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى زامانىۋىلاشتۇرۇش باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ زامانىۋى ئىدىيىلەرنى زامانىۋى جانلىق مىللىي شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكى بۇ داۋلىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى، ئالغا سۈرۈلگەن غايىلار ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئالاھىدە تىپتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت بولغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولمىش مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەكمۇ زىچ. چۈنكى، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچى فاكجىنى، تۈپ ۋەزىپىسى، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئەدەبىيات - سەنئەت قۇرۇلۇشىنىڭمۇ يېتەكچى فاكجىنىنى، تۈپ ۋەزىپىسىنى، ستراتېگىيىلىك ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. پۇقرالارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاپ ئىجتىمائىي ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ ئادەمنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشنى بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى، تىل - تەپەككۇرىنى، سېزىمچانلىقىنى، ئىقتىدارىنى، خاراكتېرىنى ئاساس قىلغان پسىخىكىلىك سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە تەربىيىلەش نىشانى قىلىدۇ.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، قاراردا كۆرسىتىلگەندەك: «ماركسىزم تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە ئىلىم - پەننىڭ يۈكسىلىشى جەريا-

نىدا ئۆزلۈكسىز بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدىغان پەن، ئۇ ھەقىقەتنى ئاياقلاشتۇرغىنى يوق، بەلكى ھەقىقەتنى بىلىش ئۈچۈن ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزلۈكسىز يول ئېچىپ كەلمەكتە».② ئىككىنچىدىن، ماركسىزم سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىنىڭ يادروسى بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا يېتەكچى رول ئوينايدۇ. شۇڭا «غايە قۇرۇلۇشىمىز، ئەخلاقىي قۇرۇلۇشىمىز، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز، دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قارىشى جەھەتتىكى قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ھېچقايسى ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ، ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشتىن ئايرىلالمايدۇ».③ ئۈچىنچىدىن، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى. تۆتىنچىدىن، مەلۇم ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىش مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى. ھەر قانداق بىر دەۋرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى بەلگىلىك ئىدىيە، پەلسەپىۋى قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە بارلىققا كېلىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ بۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس ئەلۋەتتە. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا، ئۇ ماركسىزمدىن ئايرىلالمايدۇ. پەقەت ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇش ھەقىقىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات- سەنئەتمۇ ھەقىقەتنى بىلىش، ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ماركسىزمنى يېتەكچى پرىنسىپ قىلىشى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن. ئۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى ئەدەبىيات - سەنئەتتە بارچە گۈللەرنىڭ تەكشى ئېچىلىشى، ھەممىنىڭ بەس - بەستە سايرىشى، سەنئەتتە دېموكراتىيىنى، ئىجادىيەتتە ئەركىنلىكنى يولغا قويۇش بىلەن زىت ئەمەس. بەلكى سەنئەتتە دېموكراتىيىنى، ئىجادىيەتتە ئەركىنلىكنى كەڭ ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر - ئېقىملىرىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ. چۈنكى، ماركسىزم — سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەن؛ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بولسا پارتىيە رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىزمنى ئىنكار قىلىپ، كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خاتا پىكىر ئېقىمى، ئۇ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە تارىخنىڭ ئېقىمىغا تۈپتىن خىلاپ، بۇنىڭغا كەڭ خەلق قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزمۇ بايرىقى روشەن ھالدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشى، سەنئەتتە دېموكراتىيىنى، ئىجادىيەتتە ئەركىنلىكنى قوغدىشى لازىم. بۇنداق قىلىش ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك پرىنسىپلىرىغا خىلاپ ئەمەس، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىگە زىت ئەمەس. ماركسىزم سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە ئىجا-

دىيەت ئەركىنلىكىنى كەڭ مەنىۋى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بولسا ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. بۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم مەسىلە. سوتسىيالىستىك سەنئەت دېموكراتىيىسىگە ۋە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنمىسا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئىدىيىۋى ئازادلىق بولمىسا، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قېلىش، شامالغا قاراپ ئۇسسۇل ئويناش، ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللار ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئارقىغا چېكىندۈرىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ دەۋرگە، زامانىۋىلىشىشقا ماسلىشىشىغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ.

ئېلىمىز ئۇلۇغۋار پىلان ۋە پۇختا قەدەم بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرماقتا. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «بۇ ئالىجاناپ ئىشتا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىنتايىن كەڭ تەرەققىيات زېمىنىغا ئىگە. مەيلى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا بولسۇن، ياكى سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە بولسۇن ۋە ياكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە بولسۇن ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى باشقا تارماقلار ئۈستىگە ئالالمايدىغان مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان»⑤. شۇڭا، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئورنىنى ۋە ۋەزىپىسىنى ئېنىق تونۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلار سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى ۋاقتىدا بايقىشى، ئىدىيىۋى - ئەخلاقى يۇقىرى، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان، بىلىملىك پۇقرالارنى قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلىشى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشى، بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ئىزاھلار:

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدىكى بايانلىرى».

②③ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى». مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.

④⑤ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما». ئۇيغۇرچە نەشرى.

# قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قەشقەر شەھىرى يېنىدىكى ئىككى سۈيۈرغاللىق① ئورنى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئابلىمىت روزى

قەشقەر شەھىرى — ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى ياكى خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. بۇ شەھەر ھەققىدە شان ۋە شەرەپنىڭ ئىگىسى بولغان مەھمۇت قەشقىرى ھەزرەتلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ بىرقانچە ئورنىدا مۇھىم ئىزاھات بېرىدۇ ۋە زور ئىشتىياق بىلەن «... كاشغەرنى ئوردوكەنت دەيدۇ ... پادىشاھ تۇرىدىغان پايتەخت دېمەكتۇر ...»، «... ئەپراسىياپ ھاۋاسىنىڭ ياخشىلىقىدىن بۇ يەردە تۇراتتى ...» — دېگەنگە ئوخشاش قىسقىغىنە ئوبرازلىق تەبىرلەر ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىنىڭ XI ئەسىردىكى ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىشىمىزگە قىممەتلىك ياردەم بېرىدۇ. قارا خانىلار خاندانلىقىنىڭ ئۆز دەۋرىدە يېزىلغان بىرىنچى قول تارىخى يەنى ئابدۇلغاپپار بىننى خەلەپ ئوغلى ئىمام، زاھىت ھۈسەيىن كاشغەرى (ۋاپاتى 1080 - يىل) نىڭ «كاشغەر تارىخى»① قاتارلىق ئەسەرلىرى، گەرچە دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئالدى - كەينىدە يېزىلغان ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىدىكى ئەسەرلەر مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، ئەرەب تارىخچىسى ئىبنۇل ئەسىر (1160 — 1234 - يىللار)، بەيھەقى (ۋاپاتى 1077- يىل)، گەردىزى (...1065 - يىل) ئىبنى خەللىكان (1211 — 1282) ئەل - تەبەرى (839 — 923) قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئۆز كىتابلىرىدا («تەرىخ كامىل»، «مەجمۇ ئوتتاۋارىخ»، «زەينۇلئەخبار»، «كىتاب ئەل - ئەخبار - ئەل - روسۇل - ۋە ئەل - مۇلۇك» (ئومۇمىي تارىخ) قاتارلىقلاردا كەلتۈرگەن ئاخبارات ۋە نەقىللەردىن، ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار، پۇل، تامغا، قىسمەن ھۆججەت، ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىپ چىقىشتى، بۇ تارىخلاردا تارىخشۇناسلار قاراخانىلار خاندانلى-

① سۈيۈرغال — قەدىمكى تۈركىي تىل لۇغىتى بولۇپ، خان، خانزادىلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىر، ھاجىپ، قوماندان، ئالىم ۋە مەشھۇر ئەرباپلارغا ئىنئام (ھەدىيە) قىلىنغان يەر - سۇ، مال - مۈلۈك.

قىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، مالىيە - ئىقتىسادى، مائارىپ - مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە ھەربىي ئىشلارغا دائىر خېلى ئەتراپلىق ئىزدەنگەن ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. لېكىن، قىسقىچە تارىختىن ھالقىپ كىشىنى قانائەتلەندۈرگەدەك مۇپەسسەل تارىخنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ئەھۋالى، جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە بۇ جايلارنىڭ ئۆزىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى تارىخىي ئىزلار، ئالامەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، تىل، ئەدەبىيات، سەنئەت، خەلق رىۋايەتلىرى ئارقىلىق يورۇتۇلمىغان تەرەپلەرنى ئېچىش، يورۇتۇش جەھەتتە يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

قەشقەر — بىر قەدىمكى شەھەر، ئۇنىڭدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن گەۋدىلىك ئىزلار ئانچە كۆپ ئەمەس، لېكىن «خان تويي»، «ھېسار»، «مان كەند»② قاتارلىق شەھەر خارابىلىرىدىن باشقا، شەھەر ئەتراپىدىكى جۇغراپىيىلىك كۆرۈنۈشلەر، يەر - جاي ناملىرى، بەزى ئالاھىدە كۆرۈنۈشلەر (ھازىر ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ) تارىختىكى بەزى مەسىلىلەرنى يورۇتۇشقا ياردەم بېرىشى مۇمكىن.

شۇنىمۇ ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى؛ قاراخانىلار تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر يازغان تارىخشۇناسلارنىڭ كۆپچىلىكى قاراخانىلار خاندانلىقى ۋە ئۇنىڭ فېئوداللىق يەر ھوقۇقى تۈزۈملىرى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ خانلىق يەرلەر، فېئودال - خانزادىلەر يەرلىرى، ۋەخپە يەرلەر، دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان يەرلەر، مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەر، سۇيۇرغال (ھەدىيە) قىلىنغان يەرلەر، «ئىكتا» تۈزۈمىدىكى يەرلەر (خانلىقتىن دېھقانغا ئىجارىگە بېرىلگەن يەرلەر) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ھەتتا «ئىكتا» يەرلىرىنى كېيىنچىرەك ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن ئەربابلارغا مۇكاپات - ئىنئام تەرىقىسىدە بېرىلگەن يەرلەر دېمۇ خەۋەر قىلىدۇ. مۇشۇ ئاساسلارغا تايىنىپ قەشقەر شەھىرى يېنىدىكى ئىككى يېزىنىڭ ھازىرقى كونىچە ساقلانغان بەزى ئالامەتلىرى ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدىنىش پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقىمەن.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ XI - IX ئەسىرلەردىكى پايتەختى قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدا خان (بەگ)، خانزادە (تېكىن③ تەرىم④)، ۋەزىر، ھاجىپ، قوماندان، ئىنال⑤، يابغۇ⑥، يالۋاچ⑦، توكس⑧، يوغرۇش⑨ ۋە خان جەمەتىگە مەنسۇپ ئارىستوكرات (ئاقسۆڭەك) كىشىلەردىن باشقا ئالىم (ئۆگە)، دانىشمەن، ئوقۇتقۇچى (باقىچى) ۋە بىر قىسىم مەشھۇر زاتلار ئۈچۈن سويۇرغال (خان تەرىپىدىن ھەدىيە) قىلىنغان بىر قانچە جايلار بولۇپ، مەلۇم ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار ۋە قىسمەن يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئۇلاردىن شەھەرگە يېقىنراقلىرى ئىككى ئورۇندا — ئىدى

دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىن.
ئۆلارنىڭ بىرى، ھازىر قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسىملىرىنى ئايلى-
نىپ ئاقىدىغان «تۈمەن دەريا»⑩ سىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى دەريا يۈزىدىن تەخ-
مىنەن 50 مېتىر ئېگىزلىكتە جايلاشقان «دۆلەتباغ» يېزىسى بولۇپ، بۇ يەردە يەنە
«چوڭ چارباغ» ۋە «كىچىك چارباغ» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىلەرمۇ بار. بۇ جايلار-
نىڭ سۈيى مول، ھاۋاسى بەلەن، تۇپرىقى مۇنبەت، ئۈستى بوك-باراقسان يېشىل
تونلۇق دەل-دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان. پۈتكۈل يېزىنى چۆگكەپ تۇرغان قويۇق دە-
رەخلەر ئارىسىدا «دۆلەتباغ ئۆستىڭى» ۋە «چارباغ ئېرىقى» دەپ ئاتىلىدىغان ئېرىق-
ئۆستەڭلەر كۈمۈش زەنجىرلەردەك يېزىلارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرغان. ھازىرغىچە بۇ
يېزىلارنىڭ قەشقەر شەھىرىگە قاراپ تۇرىدىغان غەربىي قىسمىدىكى ئېگىزلىكتە قارا-
خانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى تۇنجى قوبۇل قىلغان خانى سۇتۇق بۇغرانىڭ
نەۋرىسى (چوڭ تەرىم تۈركان قاتۇننىڭ ئوغلى) ئارسلان تېكىن (تەسەۋۋۇپچىلار
بەرگەن ئىسىم سەيد ئارسلانخان) نىڭ قەۋرىسى بار. بۇ جايدىن تەخمىنەن ئىككى
ك م جەنۇبتا، مەھمۇت قەشقىرى ھۆرمەت بىلەن ئۇستازىم دەپ ئىسمىنى ئاتىغان
«...خەلەپ ئوغلى ئۇستاز، ئىمام، زاھىت ھۈسەيىن...»⑪ ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئوغلى
تارىخچى ئالىم ئابدۇلغاپپار بىننى ھۈسەيىن كاشغەرى (مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ساۋاقدى-
شى بولسا كېرەك) قاتارلىقلارنىڭ قەۋرىلىرى بار. قەشقەر خەلقى ھازىرغىچە بۇ كې-
يىنكى قەۋرە ئىگىلىرىنى «ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجام» دەپلا ئاتىماقتا. شۇنداقلا «تەز-
كىرەئى ئەبۇ نەسىر سامانى» ناملىق قوليازما كىتابتا «...بۇ زات، ھۈسەيىن پەيزۇللا
غوجام-تاۋغاچ بۇغرا يۈسۈپ قەدىرخان پادىشاھىم دەۋرىدە قەشقەرنىڭ مەشھۇر ئۆلى-
ماسى ۋە شەرىئەت ھامىسى ئىدى»—دەپ تەۋسىپلىنىدۇ.

مەلۇم تارىخىي پاكىت ياكى ئاغزاكى رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولىشىچە، ھەرقايسى
دەۋرلەردىكى خان، خانزادە، ۋەزىر، ئوردا ئەمەلدارلىرى تولاراق شەھەرنىڭ سىرتى-
دىكى ھاۋاسى ئوبدان، سۈيى مول، شەھەردىن بىر قەدەر ئېگىز، خالىراق جايلاردا
ئولتۇراقلاشقان. ھەتتا قاراخانىلار خاندانلىقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بۇغرا خانى-
لىرىنىڭ شەھەردىن خېلى چەتتە، ستراتېگىيە جەھەتتىن پانالىغراق بولغان، «خان
توي»⑫ دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس ھەربىي «قەلئە»—بارگاھلىرى بولغان. بۇنىڭ
ئۈچۈن قەشقەر شەھىرى بەشكىرەم يېزىسىنىڭ ئايىغىدىكى «خان توي» قەلئەسىنى مى-
سال كەلتۈرۈش مۇمكىن. (ھازىرقى كونىدە قەدىمكى «خان توي» ئاتالغۇسى خاتا ھال-
دا «خان ئۆي» دەپ ئاتالماقتا. ئېھتىمال زامانلار ئۆتمىشى بىلەن سۆزدە ئۆزگىرىش
بولغان بولۇشى كېرەك. خانلارنىڭ بەزى تىنچىسىز كۈنلەردە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن
ئاھالىدىن چەتتىرەك بىر جايدا بىنا قىلدۇرغان ھەربىي قەلئە خانتوي بارگاھلىرىنى
«خان ئۆي» دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ).

دېمەك، يۇقىرىدىكى يېزىلارنىڭ «دۆلەتباغ»، «چارباغ» دەپ ئۆزگىچە خاس خاراكتېرلىك ئىسىملار بىلەن ئاتالغانلىقى، بىر مۇھىم خانزادە ۋە ئىككى مۇھىم ئالىم قەۋرىگاھلىقلىرىنىڭ بۇ يەردە بولۇشى، يېزىلارنىڭ ھازىرقى كۈندىكى ئارخېئولوگىيىلىك ئالامەت ۋە شەرتلىرىگە ئاساسلىنىپ بۇ يېزىلارنى XI ئەسىردە قارا خانىلار خاندانلىقىنىڭ خانزادە ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن مەشھۇر زاتلارغا خان تەرىپىدىن سۇيۇرغال قىلىنغان جايلار ئىدى — دەپ تەھلىل قىلىشقا مەلۇم ئاساس يارىتىلىدۇ. چۈنكى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خان، خانزادە، ئىنال، يابغۇ، تېكىن، تەرىم قاتارلىق يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ھېچقاچان ئاۋام خەلق قەۋرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمىغان. شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى «شىسەنلىك» (مىڭ سۇلالىسى)، «دوڭلىڭ، شىلىڭ» (چىڭ سۇلالىسى) قاتارلىق خان، خانزادىلار نەسەپ شەجەرىلىك قەۋرىستانلىقى بولۇشتەك ئەنئەنە بولمىسىمۇ، بەلكى ھەرقايسى ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتباغ، چارباغ خان تويى، بەلەن ھاۋالىق داچا، باغ - ھويلىلىرىدا دەپنە قىلىنغاندەك تۇرىدۇ. مەسىلەن: سۇتۇق بۇغرا قەۋرىسى ئاتۇشنىڭ ساپ ھاۋالىق «تەجەن» يېزىسىدا⑬ (گەرچە بۇغراخان قەۋرىسىنىڭ بۇ يەردە بولۇشىدا مەلۇم سەۋەبلەر بولسىمۇ)، ئارسلانخان قەۋرىسى ساپ ھاۋالىق «دۆلەتباغ» يېزىسىدا، ئوسمان بۇغراخان قەۋرىسى بەشكېرەم قاز ئېرىق يېزىسىدا، ھەسەن بۇغراخان، قىلىچ بۇغراخان دەپ تونۇلۇۋاتقان قەۋرىلەرمۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىلغان.

يەنە بىر مىسال شۇكى، «تەزكىرەئى سەيد ئارسلانخان» ناملىق قولىيازما تەزكىرىلەرنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، سەيد ئارسلانخان 63 ياشتا بولۇپ⑭ قەشقەر بىلەن يەركەن ئارىلىقىدىكى «سەسقۇم»⑮ دېگەن جايدا (بۇ يەر ھازىر يوپۇرغا ناھىيىسى تەۋەسىدە) 70 مىڭ كىشىلىك خوتەن بۇددىست ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىرى چۇختەرەشىت ۋە نوختەرەشىت، بوكەج ئارسلان قاتارلىقلار تەرىپىدىن ھېلاك قىلىنغان. ئۇنىڭ كېسىلگەن بېشى ئاغزىدا قىلىچىنى چىشلىگەن ھالدا بۇراق ئېتىنىڭ قۇشباشلىق ئېگەرىگە قونۇشۇپ يەتتە كېچە - كۈندۈز كاپىرلار بىلەن غازات قىلىپ ئاخىر قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغدىكى ئۆز ھويلىسىغا چۈشكەن ئىمىش. شۇڭا ئۇنىڭ جەسەت قەۋرىسى يوپۇرغا — سەسقۇمدا «ئوردىخان پادىشاھىم» دەپ ئاتالسا، باش جەسىدىنىڭ قەۋرىسى قەشقەر «دۆلەتباغ» يېزىسىدا «سەيد ئارسلانخان» دەپ ئاتالدى — دېيىلگەن. بۇ بىر تەزكىرە خەۋىرى. ئۇنىڭ يېرىم رېئال، يېرىم خىيالى - ئەپسانە بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى ۋە بەزى رېئال ۋەقەلىككە ئاساسلىنىپ ئەقىل تەقەززاسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ قىياس قىلساق، خوتەن بۇددىستلار ئارمىيىسى سەسقۇمدا ئارسلانخاننى شېھىت قىلغاندىن كېيىن ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ نەيزىنىڭ ئۇچىغا سانجىپ قاراخانىلارنىڭ مەركىزى شەھىرى قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەن. بىر نەچچە كۈنلۈك قامال - مۇھاسىرىدىن كېيىنمۇ شەھەرنى ئالالمىغان. ئاخىر ئۇنىڭ

بىشىنى دۆلەتباغدىكى ئۆز ھويلىسىدا بىر دەرەخنىڭ شېخىغا ئاسقان ... قاراخانىلار قوشۇنلىرىنىڭ شەھەردىن تۇرتۇپ چىقىپ قىلغان شىددەتلىك قايتارما ھۇجۇمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىكخانلىرىدىن ياردەمگە كەلگەن قوشۇنلارنىڭ كۈچلۈك زەربىسى ئاستىدا خوتەن قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن. ئۇرۇشتىن كېيىن ھەر تەرەپتىن توپلانغان يۈزمىڭ كىشىلىك دەپىن مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، «قەشقەر خەلقى قارا رەختتىن ماتەم تونلىرىنى كىيىپ ئاياللار ئاق روماللا ئورالدى» — دېيىلگەن رىۋايەتلەر ئەقىلغا ئۇيغۇندەك تۇرىدۇ. ئارسلانخان جەسىدىنىڭ بىر جايدا بولماي ئىككى جايغا دەپىن قىلىنىشىمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى تەسەۋۋۇپ مۇخلىسلىرى ۋە شەيخ گۇرۇھىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مۇنازىرە ماۋزۇئى بولسا كېرەك.

يۇقىرىدىكىلەردىن «دۆلەتباغ» يېزىسىنىڭ XI ئەسىردىكى سىياسىي ئورنىنى قىسمەن پەرەز قىلالايمىز.

× × ×

ئىككىنچىسى، قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن «قىزىل»، «تازغۇن⑯» دەريالىرى ۋە «ياپەنج» ھازىر (ياپچان) سەھرالىرىغا بارىدىغان «قاراقىر» يېزىلىرى بار. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يايلاق (مەھمۇت قەشقىرى پىكرىچە «يازلاق» تىن ئۆزگەرگەن) ۋە كەڭ داللاردىكى كۆچمەنلەر يۆتكۈلۈپ تۇرىدىغان جايلارنى «بۇزقىر» دەپ ئاتىسا، ئادەملەر توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان «قىشلاق»، لايدىن، ياغاچتىن ياسالغان تام ئۆيلۈك مەھەللىلەر، باغلار، تېرىلغۇ يەرلەر «قاراقىر» دەپ ئاتالغان. ئېھتىمال بۇ، «قارا» سۆزىنىڭ ئېتنىك مەزمۇنىدىن قارىغاندا «باي تۇپراق» مەنىسىدە بولسا كېرەك. 1830-يىللاردىن بۇرۇن قەشقەر شەھىرىنىڭ فېئودال ھەربىي مۇداپىئە قۇرۇلۇشى بولغان سېپىل چەمبەر-دائىرىسىنىڭ بىر قانچە جايىدا كىرىپ-چىقىدىغان دەرۋازىسى بولغان؛ غەرب تەرىپىدە توققۇزئاق دەرۋازىسى⑰، جەنۇب تەرىپىدە «قاراقىر» دەرۋازىسى (قارا قىرغا چىقىدىغان دەرۋازا)، شەرق تەرىپىدە «سۇ دەرۋازىسى» (بۇ شەھەر خەلقىنىڭ تۈمەن دەرياسىدىن سۇ ئېلىپ كېلىدىغان دەرۋازىسى بولۇپ كېيىنرەك «تۆشۈك دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان) قاتارلىقلار بولۇپ، «يارباغ دەرۋازىسى» ۋە «قۇم دەرۋازىسى» دېگەنلەر 1830 - يىللاردىن كېيىن ئېچىلغان. شەھەر دائىرىسىمۇ كىچىكرەك ئىدى. 1826 - يىللاردىكى جاھانگىرخان غوجا قوزغىلىڭىدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى (پادىشاھىسى داۋگاڭ) غۇلجا كورە-ئولاستايدىكى لىڭ دۇي داچىن (ھەربىي تىيەكچى ئامبال) نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەنزەن داچىن (مەسلىھەتچى ئامبال) لىرىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن شەھەرلەرنى سېپىللار ئىچىگە ئېلىش، بار بولغانلىرىنى رېمونت قىلىپ مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، ھەربىي مۇداپىئەنى كۈچەيتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، تۇرپان تۇيۇق يېزىسىدىن بولغان ھېكىم بەگ زوھۇرىددىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى سېپىل دائىرىسىنى كې-

گەيتىپ بىر مۇنچە ئاھالە رايونلىرىنى شەھەر ئىچىگە ئېلىش قۇرۇلۇشى باشلانغان ۋە 1834 - يىللىرى خەلقنىڭ 3 يىللىق جاپالىق ئەمگەك، نالە - پەرياتلىرى ئىچىدە تاماملانغان. «قاراقىر» غا چىقىدىغان دەرۋازىنىڭ ئورنى بېكىتىپ تاشلىنىپ «قوۋم دەرۋازا» نامى بىلەن باشقا جايدىن دەرۋازا ئېچىلغان. (بۇ بەلكىم كېيىنرەك «قوۋم شەھەدان» دەپ ئاتالغان يەركەن - يوپۇرغا ئارىلىقىدىكى قەدىمكى «سەسقوۋم» نى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق ئاتالغان بولسا كېرەك). 1935 - يىللىرى قاتناش قولايسىزلىقىدىن خەلقنىڭ جىددى تەلىپى ۋە شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 6 - ئاتلىق مىللىي دىۋىزىيە گېنېرالى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشى بىلەن «قاراقىر دەرۋازىسى» ئېچىۋېتىلگەن. مانا شۇ قاراقىر دەرۋازىسىنىڭ سىپىل تېشىدىكى شەھەرگە يېقىن قىسمىدا قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ قوغدىغۇچى مۇنتىزىم قوشۇنلىرى تۇرىدىغان «ھىسار» قەلئەسىنىڭ (ھازىر ئەسكىسا دېيىلمەكتە خارابىسى) ۋە «دۆڭ باغ» بارگاھى قاتارلىق قەدىمكى ئىزلار بار. قاراقىر دەرۋازىسىدىن چىقىپ تاكى قىزىل دەريا ساھىلىگە بارغىچە يەتتە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا خۇددى يۇقىرىدىكى دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ جۇغراپىيە شارائىتىغا ئوخشاش تۈپرىقى مۇنبەت يەر تۈزلىشى تەكشى، سۈيى مول، تېرىلغۇ، دەل - دەرەخ ئۆستۈرۈشكە ئەپلىك، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قاراقىر يېزىلىرى بار. بولۇپمۇ، بۇ جاينىڭ شەرقىي قىسمى «تۈمەن» دەرياسى ۋە جەنۇبىي قىسمى XI ئەسىر شائىرلىرىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشكەن، قىرغاقلىرى گۈل - چېچەكلەر بىلەن ئورالغان «قىزىل» دەريا بىلەن تۇتاشقان. مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قىزىل دەريا» سىنىڭ مۇشۇ يېزىلارغا تۇتاشقان قىرغاقلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تەبىئىي كۆرۈنۈشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن شائىرلار ئەسەرلىرىدىن مىسال ئېلىپ مۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ:

قِزِلْ - قىزىل قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريانىڭ نامى. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قِزِلْ سَرِغْ اَرْقَشِبْ
يِپكِنْ يَشِلْ يُزْكَشِبْ
بِرْبِرْ كَرُو يِرْ كَشِبْ
يَلِنْكُقْ انَى تَنْكَلَشُورْ

ķïzil sarïq ar ķaxïp
yïpkïn yaxïl yüz kəxïp
bïr bïr kərü yər kəxïp
yalïŋuķ ani taŋlaxur

(قىزىل، سېرىق چېچەكلەر بىر - بىرىگە يولۇنۇپ
يېشىل رەيھانلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ
بىر - بىرىگە يۆگىشىپ (تۇرماقتا)
(بۇ ھالەتنى كۆرگەن) ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ قالىدۇ)[18]

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ پىكرىچە قەشقەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان «قىزىل دەريا» سىنىڭ ئىككى قىرغىقى، بولۇپمۇ قاراقىر، ئەسكى ھىسار[19]، دۆڭباغ[20] قاتارلىق جايلارنىڭ دەرياغا تۇتاشقان جايلىرى يۇقىرىدىكى شېئىر تەسۋىرىدىكىدەك كۆرۈنۈشتە بولسا كېرەك. ھازىرمۇ بۇ جايلاردا مۇشۇ سۆزىمىزگە گۇۋاھلىق بەرگۈچى مەلۇم ئارخېئولوگىيىلىك ئالامەتلەر بولسىمۇ، زاماننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ يەرلەردە زور كۆلەملىك ئاممىۋى ئىستىراھەت بېغى، ئىدارە - ئورگان، چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلار قەد كۆتەرگەنلىكتىن قېزىپ تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى يوق. يەرلىك خەلق تىلىدا بۇ يەرلەرنى پايناپ دەپ ئاتىماقتا. پايناپ ئاتالغۇسى بۇ يېزىنىڭ ئۇمۇمىي كۆرۈنۈشىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. «پايناپ» قاراقىر دائىرىسىدىكى جايلارنىڭ تۈمەن دەرياسىغا ئۇسسۇپ كىرگەن كىچىككىنە يېرىم ئارال شەكلىدىكى بىر دۆڭلۈككە قارىتىلغان. بەزىلەر «قاراقىر» دېيىلگەن نام باشقا يېزىلاردىمۇ بار — دەيدۇ. بىر سۆزنىڭ بىر قانچە جايلارغا نام قىلىپ قويۇلۇشى تەبىئىي.

× × ×

1949 - يىللارغىچە قەشقەر كونا شەھىرىدىن يېڭى شەھىرىگىچە بولغان ئون ك م مۇساپىدىكى چوڭ ئۆتەڭ يولىنىڭ قەشقەر كونا شەھىرىگە بىر كىلومېتىر ئارىلىقتىكى چېتىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆك - يېشىل تاشتىن ياسالغان ھەيۋەتلىك گۈمبىزى بار ئىدى. مازار چوڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر غايەت زور ئىخلاس ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن مازار ئۇدۇلىغا يۈز مېتىر قالغان ئارىلىقتا ئات، ئۇلاق، ھارۋىلاردىن چوڭ - كىچىك كىشىلەر يەرگە چۈشۈپ، ئاۋۋال دۇئا پاتىھە قىلىپ ئاندىن كېيىن، ئۇلاقلىرىنى يېتىلەپ ئەدەپ بىلەن پىيادە مېڭىپ ئۆتەتتى. بۇ، ئۇزۇندىن بۇيان ھازىرغىچە ياپونىيە پادىشاھسى تېيەنخۇاڭ ئوردىسىنىڭ تۆت تەرەپ دەرۋازىسى ئۇدۇلىدىن ئۆتكەن ھەر قانداق ياپون كىشىسى مەيلى ماشىنا مەيلى پىيادە بولسۇن چوڭقۇر تازىم قىلىپ ئۆتىدىغان ئەنئەنىۋى ئادىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى ئالدىدا خەلقنىڭ كۆرسەتكەن ئېھتىرامى ھەرقانداق ھۆكۈمران تەبىقىگە بولغان سۈنئىي ئېھتىرامنىڭ تەتۈرسىچە چىن دىلىدىن ھەقىقىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىخلاسمەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىدىن يەنە بەش يۈز مېتىر نېرىراقتىكى بىر تۆپىلىكتە «سۆگەللىك مازار غوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ تۆپىسى

سۆگەل كېسىلىنى ساقايتىشقا داۋا بولىدۇ - دەيدىغان خەلق ئېتىقادىمۇ بار ئىدى.

يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىدىن ئۆتۈپ قىزىل دەرياغا يېقىن بولغان بىر كم ئارىلىقتىكى يولنىڭ چېتىدە تەخمىنەن 500 كۋادرات مېتىر كەڭلىكتىكى تۈز چاسا بىر مەيدان ئەتراپىتىكى ئېگىز - پەس قىرلار، دەل - دەرەخلىق جايلاردىن ئۆزگىچىرەك ھالدا ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. بۇ يەر خۇددى تەنتەربىيە مەيدانىغا تەييارلانغان سەھنە كۆرۈنۈشىگە ئوخشايتتى. تۇپرىقى قاتتىق، سۇ چىقمىغان، قۇرۇق، قەدىمكى يارلىقنىڭ قالدۇق بىر پارچىسىدەك كۆرۈنەتتى. قانداق سەۋەبتىندۇر 1934 - يىللىرى بىرىتانىيە پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانا خادىملىرى ۋە بىر قىسىم ھىندىستانلىق سودىگەرلەر كەشمىر، بەدەخشان ئارغىماقلىرىغا مىنىپ، مۇشۇ جايغا كېلىپ (ھەر يەكشەنبە كۈنى) ئات ئۈستىدە ئەگرى كالتەك توپ (مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆرسەتكەن «چىپاۋگەن») ئوينايتتى. بۇ ئويۇننى ئېنگىلىز تىلىدا فولو (folo) - دەپ ئاتايدىكەن. مەھمۇت قەشقىرى بۇ ئويۇننى بىر قانچە ئورۇندا تىلغا ئېلىپ ئىزاھلايدۇ. ھەتتا چىپاۋگەن توپ مەيدانىنىڭ ئەتراپى كىشىلەرنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىغا كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن «تىسىل» (tasal - تەسەل) - دېيىلگەن سىزىق تارتىپ بەلگە سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ۋە سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى سۆزلەيدۇ[21] يەنە تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - كىتاب «فەئلەل» (fəəl'əl) شەكلىدىكى ھەر خىل ھەرىكەتلىك سۆزلەر بابىدا:

امجاق — amaqlik - «امجاق يەر» — ئاماچلىق يەر — قارىغا ئېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەر.[22] - دەپ ئىزاھلايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەۋرىستانلىقىدىن قىزىل دەريا بويىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردا ئەسكى ھېسار قالدۇقى ۋە بىر پارچە ئاقىرىپ كۆرۈنگەن يار قالدۇقى بىزگە مۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى ھەربىي قوشۇنلارنىڭ قارىغا ئېتىش مەيدانى (ئاماچلىق يەر)، ئات كۆندۈرۈش مەيدانى ۋە «تەسەل بەلگىسى تارتىلغان» ئاتلىق كالتەك توپ (چىپاۋگەن) مەيدانلىرىنىڭ قەدىمكى ئىزلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. قەشقەردە بۇ جايلارنىڭ 1949 - يىلىدىن بۇرۇنقى ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋىرى بار كىشىلەر مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشى مۇمكىن.

دېمەك يۇقىرىدىكى ئىككى يېزا ئىككى ئورۇننىڭ تارىختىن قالغان بۇگۈنكى ئالامەتلىرى ۋە تارىختىكى مەشھۇر مۇھىم زاتلارنىڭ بۇ جايلارغا دەپنە قىلىنغانلىقىغا قاراپ بۇ يېزىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھۋالى سويۇرغال قىلىنغان جايلار بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىمىز.

× × ×

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، مەيلى قاراخانىلار خانلىقى، مەيلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانزادىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقە، ئارىستوكرات گۇرۇھلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۆزلىرىگە ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش، ۋە قەۋرىگاھلىق-

لار بىنا قىلدۇرمىغانمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. قىياس، ئىزدىنىش، پەرەزلەر ھەقىقەتنى تېپىشتىكى دەسلەپكى قەدەمدۇر.

قاراخانىلار خاندانلىقى 1130 - يىللاردىن كېيىن زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ قاراقىتانلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، قاراقىتانلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يۈز يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت داۋامىدا قەشقەر شەھىرى خىلمۇخىل تەبىئىي ئاپەت، سىياسىي بۇزغۇنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن، قىزىل، تۈمەن دەريالىرى ئىككى قېتىم ئۆز يولىنى ئۆزگەرتىپ شەھەرنى سۇ باسقان. مەھمۇت قەشقىرى بۇ دەريالارنى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، دېگەن بولسىمۇ، ھازىر شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاقمايدۇ، ئەمما شەھەرنىڭ ھازىرقى كونىدىكى شىمالىي ۋە شەرقىي قىسىملىرىدا غايەت زور تەبىئىي ئاپەت، سۇ باسقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولغان «باشتىكى يار»، «ئارىدىكى يار» دېيىلگەن خارابە ئىزلىرى بار. بىر نەچچە قېتىم يەر تەۋرەش، ۋابا كېسەللىكى تارقىلىش، قاراقىتان خانى يەلۈداشى گورخان ۋە نايمان كۈچلۈك خانلارنىڭ زۇلۇم ئاستىدىن خەلق ئىقتىسادىي ۋەيران بولۇپ، كۆپلىگەن زىيالىي، ئىختىساسلىق ئادەملەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسان تەرەپلەرگە كۆچكەن. كېيىنرەك موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم بولالماسلىقى تۈپەيلىدىن، بۇرۇنقى ئىزلار ئۆچۈپ قايتا - قايتا ئورۇن ئالماشتۇرغان فېئودال چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى كۆرۈنۈشلىرى ساقلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

قەشقەر شەھىرىنىڭ 49 - يىلدىن بۇرۇنقى كۆرۈنۈشى بۇ ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ.

## ئىزاھلار:

① XIII ئەسىردە ئۆتكەن ئالمالىقلىق ئالىم جامال قارشى يازغان «سۇراھ» لۇغىتىنىڭ كىرىش قىسمىدا بېرىلگەن خەۋەر.

② مەھمۇت قەشقىرى «مان كەندە» قەشقەر يېنىدا خاراب بولغان بىر شەھەر دەپ خەۋەر بېرىدۇ. بۇ جاي ھازىر قەشقەر توققۇزئاقتا «مەنگەن» دەپ ئاتالماقتا.

③ تېكىن — خانزادە ④ تەرىم — مەلىكە

⑤ ئانىسى ئېلىزادە ئاتىسى ئاددىي خەلقتىن بولغان كىشى (تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - 166)

⑥ يابغۇ — خاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان مەنسەپ نامى (يۇقىرىدىكى كىتاب 3 - 41 بەت)

⑦ يالۋاچ — ئەلچى، كونسۇل.

⑧ توكسىن — خاندىن ئۈچ دەرىجىدە تۆۋەن تۇرىدىغان مەنسەپ نامى (دىۋان 1 - 569).

⑨ يۇغرۇش — خان جەمەتىدىن بولمىغان ۋەزىر.

⑩ تۈمەن — قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر دەريانىڭ ئىسمى («تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 2 - توم 215 - بەت).

⑪ «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1 - توم 456 - بەت.

⑫ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم 192 - بەت.

⑬ تىجەن كەنتىنىڭ بىر چېتىدە بۇغراخان قەۋرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى ۋاقىتتا بۇ جاي «شېھىتلىك ياكى شېھىت كىشى كۆمۈلگەن جاي مەنىسىدىكى «مەشھەد» دەپ ئاتالغان.

⑭ بەزى ماتېرىياللاردا ئارسلانخان 1010 - يىللىرى شېھىت بولغان دېيىلىدۇ.

# ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

بايىر روزى

تارىخچى فىڭ جاشىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا «شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ جاي تارىختا مەدەنىيەت رايونى بولۇپ كەلگەن»، دەپ كۆرسىتىدۇ. دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن تارىم ئويمانلىقى كىشىلىك مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەزەلدىن بۇ رايوننى ئانا ماكان قىلىپ ياشىغان ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ قۇدرىتىگە تايىنىپ بىناكارلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىقنىڭ ئاجايىپ ئۈلگىلىرىنى، يېقىملىق خەلق ئاھاڭلىرىنى، تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى يارىتىپ، ئېلىمىز ۋە جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە زور تۆھپە قوشۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بۈيۈك مىراس قالدۇردى، ئەنە شۇ مىراسلارنىڭ بىرى — ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئىبارەت.

كونا، يېڭى تارىخىي كىتابلاردا غەربىي رايوننىڭ (شىنجاڭ) ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىلىق خېلى كۆپ ماتېرىياللار بولسىمۇ، چالغۇ ئەسۋابلار توغرىسىدا تولۇق بولمىغان خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

⑮ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 370 - بەت.

⑯ تىدغۇن — تازغۇن — فرات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دەريا ئېقىنى. تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم 570 - بەت.

⑰ توققۇزئاق سۆزىنىڭ مەنىسىگە ھەر خىل تەبىرلەر بار. بەزىلەر «ئاق تاشلانغان توققۇز پارچە يەر» دېگەندىن كەلگەن دېسە، بەزىلەر خوجا ئاپپاق دەۋرىدىكى جۇڭغارلارغا بېرىلىدىغان توققۇزئاق- توققۇز ماتا سۆزىدىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ.

⑱ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 512 - 513 - بەتلەر.

⑲ ھازىر قەشقەردە «ئەسكى سال» دەپ ئاتىلىدىغان قەلئە خارابىسى.

⑳ ھازىر قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدا.

㉑ تۈركىي تىللار دىۋانى 1 - توم، 510 - بەت.

㉒ يۇقىرىدىكى كىتاب 1 - توم، 204 - بەت.

بۇ ماقالىدا بىز تارىخىي كىتابلاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ، چالغۇ ئەسۋابلار تارىخىي تەرەققىياتى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز.

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ليۇشاڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 — 77 - يىللار) «مۇھاكىمە بېغى» (说吃 — «刘向») ناملىق كىتابىدا پادىشاھ خۇاڭدى لىڭ لۈن (伶论) دېگەن كىشىنى مۇزىكا كۈيلىرىنى ئىشلەشكە بۇيرۇغانىدا، ئۇنىڭ تاڭغۇتنىڭ غەربىگە — كۇئېنلۇننىڭ تەسكەي تەرىپىگە بارغانلىقى ۋە ئەركەكى ئالتە خىل، ئۇرغاچىسى ئالتە خىل سايرايدىغان قەقنۇس (سۇمرۇغ) قۇشىنى كۆرگەنلىكىنى يازغان. «جۇ قائىدە - يوسۇنلىرى» (周礼») دېگەن كىتابتا، جۈملىدىن «چى قەۋرىگاھ - لىقىنىڭ يىلنامە خاتىرىلىرى» (汲家纪年») دېگەن كىتابتا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 21 - ئەسىردىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن تۆت تەرەپ قەبىلىرىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى - نىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشقانلىقى ۋە تىبى لۇ (鞮鞻) ئىسىملىك كىشىنىڭ تۆت تەرەپ قەبىلىسى مۇزىكىسىنى ئىگىلىگەن ئاساسلىق سەنئەتكار ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ رىۋايەت بولۇشىغا قارىماي غەربىي رايون بىلەن خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى كۈچەيتىدۇ.

جەنگو دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 — 475 - يىللار) دا يېزىلغان «مۇتە - يەنزى تەزكىرىسى»، «تارشا — پۈتۈك يىلنامىلىرى»، «تاغ - دەريالار قامۇسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە قاشتېشى تاغلىرىدىكى، باستىخان ئانا پادىشاھ ئېلى توغرىلىق خاتىرە قالدۇرۇلغان. جۇمۇۋاڭنىڭ «غەربىي ئانا پادىشاھ ئېلى» نىڭ پادىشاھىغا مىس ئەسۋاب، سەدەپ پۇل، يىپەك توقۇلمىلارنى سوۋغا قىلغانلىقى «غەربىي ئانا پادىشاھ ئېلى» نىڭ ئۇلارغا قاشتېشى، قوي، ئات، كالا، قۇلان، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن تېرىق، بۇغدايلارنى سوۋغا قىلغانلىقى ۋە مال ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ئۆز سودىسىدىن رازى بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىشقانلىقى يېزىلغان. چالغۇ ئەسۋابلاردىن بالىمان توغرى - لىقمۇ خاتىرە قالدۇرۇلغان. بىراق، مۇشۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن قاشتېشى تاغلىرىدا بۇرغا چۆرى، نەي ئاللىقاچان مەيدانغا كەلگەن.① «ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساشتىن باشلانغان» (ماركس). چۈنكى كىشىلەر ئەمگەك رېتىمى بىلەن ئەمگەكنى سۆيۈش ۋە ھۈنەرنى قوشۇپ ئىشلەش جەريانىدا ئۆز ئالدىغا مۇزىكا، كوللېكتىپ ھالدا ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلغان. ئەمگەك قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ چالغۇ ئەسۋابلارنى ياسىغان. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ چالغۇ ئەسۋابلارمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارغان. جۇمۇۋاڭ بىلەن «غەربىي ئانا پادىشاھ» نىڭ ئۇچراشقان ۋاقتىدىن 800 يىل كېيىن، جاڭچيەن غەربىي رايون يولىنى ئاچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەنزۇچە يازما تارىخىي ماتېرىياللاردا شىنجاڭ توغرىلىق خاتىرىلەر كۆپەيدى. جۈملىدىن ناخشا - ئۇسسۇل، چالغۇ ئەسۋابلار توغرىلىق خاتىرىلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلىدى.

① «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 80 - يىل تۇنجى سان 48 - بەت.

دىمەك، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە چالغۇ ـ ئەسۋابلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتىمىز مىلادىدىن بۇرۇنقى X ئەسىردىن باشلىنىدۇ. ئار ـ خېئولوگىيىلىك تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشىغا ئەگىشىپ ۋاقتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر ئۇيغۇرلارنىڭ 2 ـ مەدەنىيەت دەۋرىدە بولغان ـ لىقى ئېنىق.① بۇ ۋاقىتلاردا كونېلۇن ئېتەكلىرى ۋە تاغ رايونلىرىدىكى چارۋىلىق، يول ئېرىق، ئولمە، كوكيار، قوش تاغ، يېكەساردىكى ئاھالىلارنىڭ ھەممىسى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەردىن بولۇپ، «سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ» تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئاز بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ھون، ئۇيسۇن ـ لاردىمۇ يۇقىرىقى قەبىلىلەرگە ئوخشاش سۇ ـ ئوتلاق قوغلىشىدىغان، ئاز بىر قىسمىلىرى دېھقانچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي كونېلۇننىڭ شىمالىي ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلار، يەنى كىڭوت (قارا شەھەر)، كۇسەن (كۇچار)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) ۋە زەرەپشان دەريا ۋادىلىرىدا «ھەم چارۋىچىلىق، ھەم دېھقانچىلىق ۋە شەھەر تۇرمۇشى» ئومۇملاشقان بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككى قەبىلىدىن پەرقلىنەتتى. بۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش ئوڭاي ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى ئۈچ قەبىلە ئىككى خىل ئىختىسادىي خاراكتېردىكى جەمئىيەت بولۇپ، ھەر ئىككىسى قۇللۇق فورماتسىيىگە مەنسۇپ ئىدى.② مۇزىكا ئەسۋابلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىـ تىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇپ تەتقىق قىلىش تامامەن مۇمكىن، ئەلۋەتتە.

بۇرغا، چۇرى، نەيدىن ئىبارەت چالغۇ ئەسۋابلار مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئىجاد قىلغان كەشپىياتلىرىدىن ئىبارەت، بۇ چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ دەسلەپكى ماتېرىيالى چارۋىلارنىڭ ئۇستىخان سۆڭەكلىرى ۋە مۈڭگۈزلىرى ئىدى. بۇرغا ۋە نەي كالا مۈڭ ـ گۈزىدىن ياسالغان. كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردە تارقالغاندىن كېيىن تېرە، بامبۇك. ياغاچتىن ياسالغان. تەرەققىيات جەريانىدا تۆمۈردىن ياسىلىدىغان بولغان. كالا مۈڭ ـ گۈزى بۇرغۇسى فۇجۇ مۇزىكىلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ۋاقىتتا مىس بۇرغىغا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بىر جاڭدىن ئارتۇق، ئۈچ بوغۇملۇق ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە تارقالغان بۇرغا بىلەن «خۇجياسىن» (胡茄森)③ بۇرغىلىرىنىڭ شەكلى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. بۇرغا قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلاردىن بىرى بولۇپ، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان خەلق مۇزىكىلىرى ئىچىدە ئەڭ زور ئاۋاز كۆچىكە ئىگە نەرە بولۇپ شەكىللەندى.

① ئابدىرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب 15 ـ بەت.
② «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 80 ـ يىل تۇنجى سان 50 ـ بەت.
③ بۇ يەردىكى «خۇ» ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

كېيىن بۇرغىنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشى يالغۇز مۇزىكا ئورۇنلاشقا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىي پائالىيەتلەردىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بۇرغا ئەسلى ئىسقىرتتىن (ئىسقىرت — ئىسقىرتقانغا ئوخشاش پۇۋلەپ چالىدىغان ساز) كېلىپ چىققان بولۇپ، يىڭى تاشقورال دەۋرىگە مەنسۇپ چالغۇ ئەسۋاب ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت ناھىيىلىرىدە ئىپتىدائىي بۇرغىنىڭ ئۈلگىلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ ھەممىسى كالا ۋە قوي مۈڭگۈزىدىن ياسالغان، ئاۋازى بوم، چاستوتى يۇقىرى، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇپ سۇ تۈگمەنلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

چۆرى — خۇ (胡) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇششاق چارۋىلارنىڭ سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان بولۇپ چوڭ ۋە كىچىك ئىككىگە بۆلىنەتتى. نەي — قامچا دەستىسىنىڭ ئۆزى بولۇپ ھون چارۋىچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قورالى شۇنداقلا چالغۇ ئەسۋابى ئىدى. نەينىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى يالغۇزەك بولۇپ تارىخىي كىتابلاردا بەزىدە نەي، بەزىدە يالغۇزەك دەپ خاتىرىلەنگەن.① جاڭ چيەن غەربىي رايوننى ئاچقاندىن كېيىن نەي، بۇرغىنى ۋە ئۇنى چېلىش ئۇسۇلىنى «مۇقتۇر نەغمىسى» دېگەن كۈينى جاڭئەنگە ئېلىپ كەتكەن. خوتەندىكى سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدىن تېپىلغان، ساپالغا ئىشلەنگەن بۇرغا ھەيكىلىدە بومبا ساقاللىق، چېچىنى چوققىسىغا ئورىۋالغان ساكنىڭ باش سۈرىتى بېرىلگەن. بۇ بۇرغىنىڭ ساك دەۋرىدىمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىمىزغا كۈچلۈك دەلىل بولالايدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان «خەن خاندانلىقى كۈيلىرى» (汉乐府) مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لى يەننەن جاڭچيەن ئارقىلىق غەربىي رايون مۇزىكىلىرى بىلەن تونۇشۇپ كۆپلىگەن يېڭى كۈيلەرنى ئىجاد قىلغان. بۇرغا خەنۋۇدى زامانىسىغا كەلگەندە ھەربىي يۈرۈشلەردە كەڭ قوللىنىلغان. بۇرغىنىڭ يەنە بىر ئىسمى — بورىيا بولۇپ قومۇش لىپىرى ئورنىتىلغان چالغۇ ئەسۋاب ئىدى. «بورىيا» سۆزى جىيا (葭) سۆزىدىن ئېلىنغاندىن كېيىن خۇجىياسېن (胡葭森) دەپ ئىستېمال قىلىندى. جىيا — قومۇشنىڭ يۇمران لىپىرى لىپىر — (توسالغۇ) ئورنىتىلغان قومۇش (بورا) چالغۇسىنى كۆرسىتەتتى.

ھازىرقى ۋاقىتتا نەي (يالغۇزەك)، بورىيالارنىڭ بامبۇكتىن ياسىلىدىغانلىقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. بىراق بۇ چالغۇ ئەسۋابلار مەيدانغا كەلگەن، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن ساك، ھونلار ياشىغان زېمىنلاردا بامبۇك يوق ئىدى. شۇڭا بۇ ۋاقىتتىكى چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ چارۋىلارنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن ياسالغانلىقى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان بۇ ۋاقىتتا بۇ چالغۇ ئەسۋابلارنى ياغاچ ۋە مېتالدىن ياساش تولىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇنداق بولسا شىنجاڭدىكى نەي، خۇجىيا قاتارلىقلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» 9 - بەتكە قاراڭ.

كەلتۈرگەن بامبۇكتىن ياسىغانمۇ ياكى ئىچكى ئۆلكىلەردە بامبۇكتىن ياساپ شىنجاڭغا كەلتۈرگەنمۇ؟

قاتناش قولايسىز بولغان بۇ دەۋرلەردە يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تولىمۇ قىيىن ئىدى. شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرىدىغان «يىپەك يولى» تارىختىن بۇيان غەرب بىلەن شەرقنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا تۇپراق بولۇپ كەلدى. جاڭ چيەن غەربىي رايونغا ئەلچى بولۇپ چىقىپ باكتىرىيە (هازىرقى ئافغانىستان) گە يېتىپ بارغاندا سىچۇەن بامبۇكى (تۆت قىرلىق بامبۇك هاسا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ) ۋە سىچۇەن رەختلىرىنى كۆرگەنلىكى «پەرغانە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن.

چۈرى، نەي ۋە بىلى ئەڭ دەسلەپتە شىنجاڭدا پەيدا بولغان كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىسلاھ قىلىنىپ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى شەكلىنى ساقلاپ قالغان. ئەينى ۋاقىتتا ئىچكىرىنىڭ بامبۇكلىرى شىنجاڭ-دىن هالقىپ باكتىرىيىگە يېتىپ بارغان ئىكەن، چالغۇ ئەسۋابلارنى ياسايدىغان بامبۇك ياكى بامبۇكتىن ياسالغان چالغۇ ئەسۋابنى شىنجاڭغا كەلتۈرۈش ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى سەيدۇللا ئۆزىنىڭ «تۇرنا سۆڭىكىدىن ياسالغان نەي» دېگەن شېئىرىدا نەينىڭ شىنجاڭدا كەشىپ قىلىن-غانلىقىنى بايان قىلىدۇ. گۇۋاڭ چالغۇ ئەسۋاب توغرىسىدىكى ماقالىسىدا يۇقىرىقىنى پاكىت قىلىپ تاشقورغاندا نەقىش قىلىپ ئىشلەنگەن ئۈچ تۆشۈكلۈك نەينى مىسالغا ئېلىپ نەينى چىياڭزۇلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.①

تارىخىي پاكىتى ئېنىق بولمىغان قەدىمىي مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى ۋاڭ سىستېمىسى بىر بولغان بىرلا مىللەتنىڭ ئىجادىيىتى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. تارىخ تەرەققىياتى جەريانىدا هەممە مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان هالدا قوشنا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا سىڭدۈرگەن. هازىرقى زامان مىللەتلىرى كۆپلىگەن قەبىلە ياكى خەلقلەرنىڭ تارىخىي قوشۇلمىسى ياكى بۆلۈنمىسىدىن هاسىل بولغىنىغا ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرى شۇ مىللەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن شۇ مىللەتكە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، دىنىي ئېتىقادى ۋە تىل يېقىنلىقى بولغان خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ تەسىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئۆتۈشىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى. ناخشا-ئۇسسۇل جەھەتتىكى تەسىر بولسا كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ناهايىتى بۇرۇنلا باشلانغان.

يىغىپ ئېيتقاندا بۇرغا، چۈرى، نەيدىن ئىبارەت چالغۇ ئەسۋابلىرى زەرەپشان

① «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 80 - يىل تۇنجى سان 48 - بەت.

ۋە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. تارىخىي كىتابلاردا بۇ ئۈچ خىل چالغۇ توغرىلىق يېزىلغان خاتىرىلەر ئاز بولۇشىغا قارىماي ھەممىسىنىڭ پەيدا بولغان تۇپرىقى شىنجاڭ ئىكەنلىكى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. خوتەن ۋە قەشقەر رايونلىرىدىن تېپىلغان بەزى ئىپتىدائىي چالغۇ ئەسۋابلار ھازىرقى كۈندە ئىشلىتىلىۋاتقان چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

نۇرغۇنلىغان تارىخشۇناسلار نەينى چياڭزۇلار تارىخىي بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىدۇ. مازۇڭ «ئۇزۇن نەي ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە «قوش نەي جىياڭزۇلاردىن باشلانغان» دەپ يازسا، لى جيا «نەي» دېگەن ئەسىرىدە «چياڭزۇ نېيى ئەجدىھادەك ھايقىرايدۇ. ئۇنىڭ ساداسى تۈن يېرىمىغىچە جاراڭلايدۇ» دەپ يازىدۇ. دىڭ شىيەنجى «شىئەنشى گۈەندە ئاڭلانغان نەي ئاۋازى» دېگەن ئەسىرىدە «تۈن يېرىمىغىچە چياڭزۇ نېيى ئاڭلاندى» دەپ يازغان.

يۇقىرىقى پاكىتلار نەينى چياڭزۇلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى كۆرسەتمىسە كېرەك. چۈنكى چياڭزۇلار زەرەپشان دەريا بويلىرىدىن غەربىي جەنۇبقا كۆچكەندە نەينىمۇ بىللە ئېلىپ قايتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. نەينى يەنە ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى «ئات مەدەنىيىتى» گە باغلاپ تەتقىق قىلىش مۇمكىن. بىر قەدەر سوغۇق ياكى مۆتىدىل رايونلاردا ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان ھون ئىمپېرىيىسى① ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بولۇپ تارىخىي مەنبەلەردە قىسقىچە ئىزاھ بېرىلگەن. نەي چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قامچا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، نەي ئىشلەپچىقىرىش قورالى ئات قامچىسىدىن ئۆزگىرىپ پۈۋلەپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋاب نەيگە ئۆز-گەرگەن. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىدا ئۆتكۈنچى باسقۇچ بار. نەي سۆڭەكتىن ياسىلىشتىن ئۆزگىرىپ، ياغاچ ماتېرىيالدىن ياسالغانلىقى ماتېرىيال ئېھتىياجىدىن ئەمەس بەلكى ئاۋاز ئارقىلىق ھېسسىياتنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن بامبۇك ياغى-چىغا پەدە تۆشۈكى ئېچىش زۆرۈرىيىتىدىن تۇغۇلغان. چارۋا سۆڭەكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى چەكلىك بولغاچقا ئاۋاز تۆشۈكلىرىنى كۆپەيتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لى بەينىڭ «باھار شەھىرىدە نەي ئاڭلاش» دېگەن شېئىرىدا

«نەي ساداسى پەرۋاز قىلدىكى كىمنىڭ سارىدىن،
باھار شامىلىغا جۆر بولۇپ ئورۇن ئالغان شەھىرى دىياردىن.
ئول كېچە نەي ساداسىدىن قايرىلدى مەجنۇن تال،
ئول سەۋەبتىن ھەر كىشى قىزىقماسمۇ ئىشتىياقتىن»

دەپ يازغان. دۇشياۋلىن «نەي چېلىش» دېگەن شېئىرىدا: «مەجنۇنتاللار قايرىلدى ئول

① تۇرغۇن ئالماس: «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخىي» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىيات 1986 - يىل نەشرى.

نەي ئاۋازىدىن، ناخشا كۈيى قانداقمۇ كەتسۇن غەمكىن قۇلاغىمدىن» دەپ يازغان. يۇقىرىقى بايانلار نەي ئارقىلىق چېلىنغان مەجنۇنتاللىنىڭ شىكەستە ناخشىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ناخشىلارنىڭ نوتىسى ساقلانماي تېكىستى ساقلانغان. ئۇنىڭ ئەسلى تېكىستى «ياخشى ئاتقا قامچا كەتمەس، مەجنۇنتال سۇنماي تۇرالماس، ئاتتىن چۈشۈپ نەي چالدۇ، يول بويىدا غەمكىن ياتىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ شېئىردا ئاتتىن چۈشۈپلا چالغان نەي تەسۋىرلىنىش بىلەن بىللە نەينىڭ نەي قامچا ئىكەنلىكى يىغىنچاق ئىپادىلەنگەن. ھازىرقى نەينىڭ ئالتە ئاۋاز تۆشۈكى بىر پۈۋلەش تۆشۈكى، پۈۋلەش تۆشۈكىنىڭ يېنىدا بىر تۇسۇق پەردە تۆشۈكى، يېرىم ئاھاڭ تۆشۈكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ جەمئىي توققۇز تۆشۈكى بار. ئۇزۇنلىقى 30 سانتىمېتىردىن ئارتۇق. ھەرقانداق مۇزىكىنى ئورۇنلاشقا بولىدۇ. ھازىرقى نەيلەرنىڭ ھەممىسى بامبۇكتىن ياسالغان بولۇپ، يەنىلا كونا شەكلىنى ساقلاپ قالغان. يۇقىرىقى چالغۇ ئەسۋابلىرى مىلادى III ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولغان ھەم مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىدى. شۇنداقلا چالغۇ ئەسۋابلار تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىدى دېيىشى مۇمكىن.

بېلى — قەدىمكى كۇسەننىڭ ئەمگەكچى خەلقى ئىجاد قىلغان بىر نوكەشلىك چالغۇ ئەسۋاب بولۇپ، مىلادىنىڭ I ئەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن. خەلق ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردە تارقالغان بېلى سەككىز ۋە توققۇز تۆشۈكلۈك بولۇپ، كۇچا ئۆپچۆرىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. بېلى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەڭ دەسلەپ ھونلار ئارقىلىق تونۇلغان بولسا كېرەك. «تارىخ مەجمۇئەسى» نىڭ 46 - جىلدىدا «ھونلار بېلىنى چارۋا ئۈستىخانلىرىدىن ياسايتتى، قومۇشتىن باش ياساپ پۈۋلەپ چېلىش ئارقىلىق يىلقىلارغا سىگنال بېرەتتى» دەپ يېزىلغان تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى»، «قاموس كىتابى» دا: «بېلى كۇچا چالغۇسىدۇر، چۈرى تۈرىگە ئائىتتۇر» دەپ يېزىلغان. بېلى كۇچا چالغۇسى بولۇش بىلەن بىرگە بۇرغا، چۈرى، نەيگە ئوخشاش تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئەمما بېلىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولۇپ چۈرىنىڭ تەرەققىي قىلغان شەكلى ئىدى. بېلىنىڭ شەكلى نەيگە ئوخشاش بولۇپ ئىچىگە قومۇشتىن فۇرجۇن بېكىتىلگەن ۋە نەيدىكى ئاۋاز تۆشۈكىنى قوبۇل قىلغان. جۇڭگودا مۇزىكا تەتقىقاتى ھەققىدە سوڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مادۇەن يازغان «يادىكارلىقلار توپلىمى» دېگەن كىتابتا چالغۇ ئەسۋابلارنى تۈرگە ئايرىغان، ئاساسلىقى ياسالغان ماتېرىياللارغا بولۇپمۇ ئاۋاز چىقىرىدىغان ئورۇنغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالغا ئاساسلىنىپ تۈرگە ئايرىش ئۆلچەم قىلىنغان. چۈرى، نەي، بېلىلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى ۋاقىتتا بامبۇكتىن ياسالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى «بامبۇكتىن ياسالغان چالغۇ ئەسۋابلار» گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزگەن. بۇنى مەزكۇر چالغۇ ئەسۋاب ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلغان ئىسىملىرىدىكى «⺮» (بامبۇك) خېتى بىلەنمۇ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

باربىت① (پىپا) ئەڭ دەسلەپ كۇچادا كەشىپ قىلىنغان تارلىق چالغۇ ئەسۋاب بولۇپ، جاڭ چيەندىن كېيىن كەڭ قانات يايغان مەدەنىيەت ئالاقىسىغا ئەگىشىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان.

مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە جەنۇبىي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا ياۋچىلارنى ئاساس قىلغان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان كۇشان خانلىقى قۇرۇلغان بولۇپ، زېمىن دائىرىسى كۇچاغىچە يېتىپ كەلگەن ئىدى. (مىلادى I ئەسىردە) ئۇنىڭ پادىشاھىسى بويسۇندۇرغان خانلىقلارنىڭ خانزادىلىرىنى تۇتقۇن سۈپىتىدە كابولدا توختاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر خانزادىسىمۇ بار ئىدى.②

ھىندىستان مىلادىنىڭ 319-يىلى چاندىرا گۇدپا خانلىقى كۇشان خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى. ئارقىدىنلا كۇشان ۋە گۇدپا سۇلالىرى ئېفتالىتلار دەپ ئاتالغان ئاقھونلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. شۇ ۋاقىتتا باربىت تارىم ئويمانلىقىدىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاندىن ھىندىستانغا تارقالغان «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى③ نى بويلاپ ئىران ئەرەب دۆلەتلىرىگە تارقالدى. بەزى تەتقىقاتچىلار باربىتنىڭ «پىپا» دەپ ئاتىلىشى تارىنى سىرىپ چەككەندە «پى» دېگەن ئاۋاز، ياندۇرغاندا «پا» دېگەن ئاۋاز چىققاشقا شۇنداق ئاتالغان دېگەن مۇلاھىزىلىرىنى ئالغا سۈرىدۇ. «پىپا ئات ئۈستىدە چېلىنىدىغان تارلىق چالغۇ بولۇپ مىلادى I ئەسىر ئەتراپىدا كەڭ ئومۇملاشقان. كېيىن داۋاملىق راۋاجلىنىپ سوي، تاڭ دەۋرىدە جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ قالغان. جىن، ۋېي، شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرىدە يېزىلغان تارىخىي تەزكىرلەردە ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇللىرىنىڭ بىۋاستە خوتەن، قەشقەر، كۇچا، تۇرپان ۋە شىمالىي قۇملۇقتىكى قارا قۇرۇم ۋادىسى ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەنلىكى سۆزلەنگەن.

باربىتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى دەستىلىك دۇمباق بولۇپ، ئۇزۇن دەستىگە كىچىك دۇمباقچە ئورنىتىلىپ قول بىلەن تەۋرىتىپ چالىدىغان چالغۇ ئىدى. بۇ خىل دۇمباق تەرەققىي قىلىپ دەستىسى يوقۇلۇپ گولدۇرمامىلىق دۇمباقلار بارلىققا كەلگەن. تارلىق دۇمباق يۈزىگە بىر نەچچە تال تار تارتىلىپ، دۇمباقنى سوققاندا تارلار تىترەپ ئەكس سادا ھاسىل بولغان، كىشىلەر كېيىنرەك تار (كىرىچ) لەرنىڭ رولىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، تارلىق دۇمباقنى كەشىپ قىلدى. تارلىق دۇمباق راۋابلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پەيدا بولۇشى ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۇچا خەلقى ماھىرلىق بىلەن چالىدىغان كۇچا باربىتى ئىككى خىل بولۇپ تۆت تارلىقى باربىت،

① باربىت — ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تىلىدىكى دۇمباق. — «ئوكيانۇس» — جىلد 234-بەت تۈركىيە — ئىستانبۇل 1971-يىل نەشرى.

② «خەننامە «سوۋيلى تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

③ شېرىپىدىن ئۆمەر «كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوچېرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981-يىلى نەشرى 3-بەت.

بەش تارلىقى بەشتار دەپ ئاتالغان.

بەزى تارىخشۇناسلار بارابانىنى ھىندىستاندىن، بەشتارنى پېرسىيەدىن كەلگەن دەيدۇ. ۋاڭ گۇاڭچى يازغان «جۇڭگو مۇزىكا تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ 4 - بابىدا مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار: «ئەرەب بارىبىتى، ئىسمى ئۇد... ئىكەنلىكىنى تارىخىي كىتابلاردا كۆردۈم. يەنە بىر تەرەپتىن غەرب تارىخىدا X ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب مۇزىكاشۇناسى ئەل - فارابى (950 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ كىتابىدا ئەڭ بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان. شۇ ۋاقىتلاردا ئەرەب مۇزىكا تۈزۈلمىلىرى بىلەن پېرسىيە مۇزىكا تۈزۈلمىلىرى ئاساسەن ئوخشاش بولغاچقا، غەرب ئالىملىرى بۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ «ئەرەب - پېرسىيە مۇزىكا مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىغان، ئەرەب بارىبىتىنىڭ شەكلى مەملىكىتىمىز بارىبىتىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بارىبىت دەسلەپتە تۆت تارلىق بولغان بولسا، ئەل - فارابى بىر تارنى قوشۇپ بەشتار قىلغان. بۇ قاراش مەسىلىنى چىگىشلەشتۈرىدۇ. چۈنكى كۇچانىڭ بەش تارلىق بارىبىتى II ئەسىردە ئومۇملىشىپ شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرىگە كەلگەندە (420 - 550 - يىللار) ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. 581 - يىلى قۇرۇلغان سۈي سۇلالىسىدىن مىراس قالغان «يەتتە قىسىملىق مۇزىكا» دا كۇچا مۇزىكىسى توغرىلىق ئىزاھ بېرىلگەن. زامان جەھەتتىن قارىغاندا فارابى تۇغۇلۇشتىن كەم دېگەندە 400 يىل بۇرۇن كۇچالىقلار بەشتارنى ماھىرلىق بىلەن چېلىۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرسا، شۇڭا بۇ مەسىلىنى چوڭقۇرراق ئىزدىنىشكە تېگىشلىك. ھازىرقى باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل قاغا مىڭ ئۆي تاملىرىدا بەش تارنىڭ سۈرىتى ھېلىمۇ ساقلانماقتا. بۇنىڭغا قاراپ، IV ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ بۆلىقى بولغان كۇچادا ياشىغان سۇجۇپ ئېسىمىزگە چۈشىدۇ، سۇجۇپ مەشھۇر مۇزىكا كەشپىياتچىسى سۈپىتىدە جۇ دەۋرىدە «كۇچا مۇزىكا پىرى» دەپ ئاتالغان. «بەش تار يەتتە ئاۋاز قانۇنى» نى ئىجاد قىلغان. ھەربىر تار بىر ئاۋاز شەكلى بولۇپ ئۆز ئىچىدىن يەتتە ئاۋاز باسقۇچىغا بۆلۈنگەن، 35 ئاۋاز بۆلەكلىرىگە ئايرىلغان، بىز بۇنىڭدىن سۇجۇپ ئىشلەتكەن سازنىڭ بەشتار ئىكەنلىكىنى يەتتە پەدىسى بارلىقىنى بىلىمىز. يەتتە ئاۋاز 12 كۈي قانۇنىنى سۇجۇپ پىپادا ئورۇنلىغان بولۇپ كۇچا مۇزىكا كۈيشۇناسلىقىنىڭ ئاساسى شۇنداقلا غەربىي رايون مۇزىكىلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق مۇزىكىلىرى ئەنە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن.

«سۈي نامە مۇزىكا تەزكىرىسى» دە «كۇچا، قەشقەر، ئىدىقۇت قاتارلىق جايلارنىڭ مۇزىكا ئوركېستىرى بولغان① ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئويۇن قويغان. كۇچا سازەندىلىرى 20 كىشى بولۇپ كوڭغۇ، پىپا، نەي، ناغرا، داپ، بالىمان قاتارلىق 15 خىل چالغۇ ئەسۋاب بولغان. قەشقەر سازەندىلىرى 12 كىشى بولۇپ ئۇلاردا

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» 48 - 49 - بەتلەرگە قاراڭ.

كوڭگۇ، پىپا، نەي، دالا دۇمبىقى، ناغرا، داپ قاتارلىق ئون خىل چالغۇ ئەسۋاب بولغان. ئىدىقۇت چالغۇلىرىدا تىك نەي، پىپا، داپ، دۇمباق، بەشتار قاتارلىق چالغۇلار بولغان» دەپ يېزىلغان. دېمەك سۈي دەۋرىدىن بۇرۇنلا ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىلار سىستېمىلاشتۇرۇلغان، بەلگىلىك قائىدىگە سېلىنىپ مەلۇم قەرەل بويىچە كىشىلەرگە سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتكەن.

بۇرغا ۋە داپ، دۇمباق مۇزىكىلىرى بىلەن بىللە كامالچىلىق چالغۇلار جۈملىدىن غىجەك ئەڭ قەدىمكى كامالچىلىق چالغۇ سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. فرانسۇز تارىخچىسى ف. فېلىيوت 1914-يىلى ئېلان قىلغان «ئەقىلدار ۋە نادانلىق سوتىرىسى» («贤愚经») «غوڭقا ۋە قوبۇز» ناملىق ماقالىسىدا 1907-يىلى دۇنياغا داڭلىق سەنئەت غەزىنىسى — دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئىككى تېكىن شاھزادە، ھېكايىسى» نى مىسال قىلىدۇ. ھېكايىنىڭ 69-70-ئابزاسلىرىدا غوڭقا ۋە ئىپتىدائىي غىجەك — قوبۇز تىلغا ئېلىنغان. قەدىمكى خوتەن سەنئىتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن ستەيىن ئەپەندى (ئىنگلىز) خوتەندىن غوڭقا چېلىۋاتقان لاي قوچاق ھەيكىلى تاپقانلىقىنى «قەدىمىي خوتەن» دېگەن كىتابىدا ئىزاھلايدۇ. كۇچا مىڭ ئۆي تاملىرىدىكى ياغاچ ئويمىلىرىدا ٧ ئەسىرگە تەۋە بولغان غوڭقا سۈرىتى ھازىرمۇ ساقلانماقتا، «غوڭقا» سۆزى غوڭۇلدىغان ئاۋازدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردە خۇخۇي (侯辉) تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنغان ۋە كوڭغۇ دەپ ئاتالغان. ئارغۇن (ئارغىنۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىرخىل تىك غوڭقا بولۇپ شەرقىي خەن دەۋرىدە چاڭئەنگە كىرگەن كۇچا چالغۇسى ئىدى. غوڭقا ھىندىستاننىڭ ۋىينا چالغۇسى بىلەن بىر تىپتىكى چالغۇ بولسىمۇ، ياسىلىش جەھەتتىن پەرقلىق ئىدى.

«سۈينامە مۇزىكا تەزكىرىسى» دە ئات قۇيرۇقىدىن ياسالغان كامالچىلىق غىجەك توغرىسىدا ئىزاھ بېرىلىپ: «بۇ ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان تۈرك خەلقلىرىنىڭ چالغۇسى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ ئاۋاز تېمبىرى (سۈپىتى) بويىچە «غىجەك» دەپ ئاتالغانلىقى ئېنىق. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ««ئىگەمە»» سۆزى بىرخىل چالغۇنى كۆرسىتىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن① بۇ غىجەكنىڭ يەنە بىر نامى بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. غىجەك قۇمۇل 12 مۇقاملىرى، سىردىق ئۇيغۇر ئەل نەغمىلىرىدە باشلامچى تارلىق چالغۇ (سەرتار) بولۇپ كەلگەن. بۇ خۇددى ھازىرقى ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلار داپ بىلەن باشلانغاندەك بىر ئىش. جېگجاڭ، جېگجۇي، خېنەن باگزىلىرىدا «ئەرخۇ غىجىكى» تا ھازىرغىچە مۇھىم چالغۇ ۋە بەزىدە ئوركېستىرنىڭ باشلامچىسى ۋە چۆرىكى چالغۇسى بولۇپ كەلمەكتە.

قوبۇز بىر خىل تارلىق چالغۇ بولۇپ، شەكلى غىجەككە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھون تۈرك قوبۇزلىرى جۇڭگو يىلنامىلىرىدا ھەر خىل خەتلەر بىلەن تۇراقسىز ئىپادىلىنىپ

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم، 155-بەت.

كەلگەن. ۋېنگىرلار قوبۇزنى «كوبوز» دەپ ئاتايدۇ. تۇرپان يارغۇلدىن 1905 - يىلى ۋون لې كوك قوبۇز چېلىپ تۇرغان ئوغۇل سۈرىتىنى تاپقان.

ساتار — شەكلى ئۆزگەرگەن غىجەك بولۇپ قوبۇزغا ئوخشاش كامالچىلىق چالغۇ، ئەينى ۋاقىتتا كۇچا مۇزىكىلىرى بىلەن ھىندىستان مۇزىكىلىرى بەيگىگە چۈشكەن ۋە كۇچا مۇزىكىلىرى ھىندىستان مۇزىكىلىرىنى يەڭگەن. كۇچا مۇزىكىسىدا قوش باشلىق غوڭقا مىس داپ كەم بولغىنى بىلەن ھىندىستان مۇزىكا قوراللىرىدىن ئۇن خىلى ئارتۇق بولغان. تارىخچى شىياڭ دانىڭ كۆز قارىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەگەر نۇقۇل نەيچە رىپىرلىق چالغۇلارغا نىسبەتەن سوقمىلىق چالغۇلاردا زور بىر قەدەم ئىلگىرىلەش بولمىغان بولسا، ئۇلارغا ماس ھالدا تارلىق چالغۇلاردا يەنە بىر زور يۈكسىلىش بولدى. ياپونىيە ئالىمى لىن جىن سەن «شەرقىي ئاسىيا چالغۇلار تەتقىقاتى» (گومۇرو تەرجىمە قىلغان، 1962 - يىلى نەشرى) ناملىق كىتابىدا داپنى «داپلاپ» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنى كۇچادا پەيدا بولغان، ياپونىيىدىكى ئۆزگەرگەن شەكلى دى تەيگو (缔太鼓) دەپ كۆرسىتىدۇ. جاڭ فۇ «يىڭ قىزىنىڭ داپ چېلىشى» ناملىق شېئىرىدا «داپ» سۆزىنى خەنزۇچە جې گو (鼓羯) دەپ يېزىپلا قالماستىن، يەنە داپۇ (大酺) دەپ ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ دۇڭ - دۇڭ (冬冬) جىڭ - جىڭ (贞贞) قىلىپ چىقىدىغانلىقىنى يازغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ھەيكەلتاراشلىق ۋە تىياتىر سەنئىتى چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىدى. ئەمما بەدىئىي تەپەككۇر ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولغان مۇقام ئەلنەغمىچىلىقتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغىنى يوق، چۈنكى ۋاقىت خاراكتېرلىك سەنئەت شەكلى بولغان مۇزىكا ئاسان يوقۇلمىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرى ئۆزىنىڭ كۆيىشۇناسلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجادىيىتى ئاساسىدا ئۆزگەرگەن شەكىلدە داۋاملىق راۋاجلانغان، بۇ مۇزىكا سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىكى ئومۇمىي خۇسۇسىيەت، تۈركىي مىللەتلەر مۇزىكىلىرى گەرچە تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر - بىرىدىن خېلى پەرقلىنىدىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قەدىمكى جۇڭگو يىلنامىلىرىدا ئېيتىلغان «خۇ نەغمىلىرى» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى ساقلاپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابلىرى تۈركىيە چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇقام، ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي دولان، قۇمۇل مەشرەپ مۇقاملىرىدەك مۇزىكىلىق تۈزۈلمىگە ئىگە بولغان، ئۇنىڭدىمۇ دەسلەپ غىجەك بىلەن باشلىنىش نەغمىسى چېلىنىپ ئۇنىڭدىن كېيىن باشتىن ئاخىر مەشرەپ دېيىش بىلەن ئۇسسۇللۇق نەغمىلەر چېلىنىدۇ، ئارىلاپ-ئارىلاپ «مەشرەپ» «قايناپ» دەپ ۋاقىراپ قويىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، تۈركىيە مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلمىسى بىلەن دولان، قۇمۇل مەشرەپ مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلمىسى تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى «تۈركىي چوڭ نەغمە»

تۈزۈلۈشى بىلەن بىردەك بولغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ئالاقىدار مول پاكىتلار تۈركىيە چال-غۇلىرى بىلەن ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ قەدىمكى شەكلىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بۇ مۇقاملارنى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى زامانلارغا باغلاپ ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ كۆز-قارىشىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھەربىر تارىخىي دەۋردىكى چوڭ ھەجىملىك مۇزىكىلار شۇ دەۋردىكى چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ماددىي ئاساسىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىخىي جەرياندا «يىپەك يولى» نىڭ داۋاملىق كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئىدىقۇت مەدەنىيىتى، خوتەن مەدەنىيىتى، كۇچا مەدەنىيىتى ۋە قەشقەر مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلگەن سۈي، تاڭ دەۋرىدىكى كۇچا، قەشقەر، تۇرپان، خوتەن مۇزىكىلىرىنى سۆزلىگىنىمىزدە ئۇنى ئەينى زاماننىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى بولغان داپ، غىجەك، پىپا، (بەرباپ) كوڭغۇ (غوڭقا) بېلى، بالىمان، نەي قاتارلىقلاردىن ئاجرىتىپ بايان قىلالمايمىز. كېيىنكى زامان مۇزىكىلىرى جۈملىدىن «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسى ھەققىدە سۆزلىگىنىمىزدە ئۇنىمۇ قوبۇز، غىجەك، ساتار دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، قالۇن، داپ، ناغرا-سۇناي، نەي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئاجرىتىپ تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز.

ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى چالغۇ ئەسۋاپلاردا بىر-بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئىككى ئاساسىي باسقۇچ بار. ھەر ئىككى باسقۇچتا داپ، غىجەك، بالىمان، نەيمۇ داۋاملىق ساقلانغان. پىپا (بەرباپ) بەشتارلىق پىپا (راباپ) راۋاب بىلەن تەمبۇرغا ئايلانغان. خوتەننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ناھىلەردە ھازىرمۇ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئىنتايىن ئىپتىدائىي «قويچى راۋابى» نى قەدىمكى بەرباپنىڭ باشلانغۇچ شەكلى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىمىز، بۇ خىل «قويچى راۋابى» دەستىسى كالتە، چۆ-مۈش شەكلىدە بولۇپ چالغۇ يۈزىگە تېرە تارتىش ئاساسىدا ياسالغان. ئاۋاز قانۇنى (پەدىسى) يوق. قۇمۇل تاغلىرىدا يېقىنقى يىللارغىچە بۇ خىل راۋاپنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ساقلانغان. بۇ قەدىمىي پىپانىڭ (بەرباپ) ئۆز شەكلىنى تونۇۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» نىڭ 33-جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، قەش-قەرلىك راۋاپ ماھىرى يىپ شىنفۇ دەسلەپتە راۋابنى ياغاچ زەخمەكتە چالغان، كېيىن قول بىلەن چالغان، «شەرقىي ئاسىيا چالغۇلار تەتقىقاتى» ناملىق كىتابتا: «زەخمەكتە چېلىش — كۇچا مۇزىكانتلىرىنىڭ چېلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئىچكى ئۆلكە-لەرمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەگرى بوينلۇق پىپا كۇچا پىپاسى بولۇپ، قولاق دەستىسى خۇددى راۋاپنىڭكىدەك ئەگرى ئىدى. IV ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر بۇددا ئالىمى كومراجىۋا ئۆزىنىڭ «كارامەتلىك نىلۇفەر سۇترىسى» (خەنزۇ-چە قىسقارتىپ «法花经» دېيىلىدۇ) تۇڭبو چالغۇسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۆتكەن. تۇ-ڭبو — ئوتتۇرىسىغا تېرە تارتىلغان مىس تەخسىلىك داپ ئىدى.

XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن خوتەنلىك تارىخشۇناس موللا ئىسمەتۇللا

موجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن كىتابىدا «تارىخىي رەشىدى»دىن مە-
سال كەلتۈرۈپ: دولان ۋادىسىدا ياشىغان خەرەز ئىسىملىك كىشىنىڭ بۇندىن 2000
يىل بۇرۇن راۋاب، تەمبۇرنى ئىجاد قىلىپ زەرەپشان خەلقى ۋە خوتەن خەلقىگە چې-
لىشنى ئۆگەتكەنلىكى، راۋاب ۋە تەمبۇرغا قوي ۋە ئۆچكىنىڭ ئۈچەي-پەيلىرىدىن تار ۋە
زەي ئىشىپ سالغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ.

x ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى فارابى (870 — 950 - يىللار) «ئۇد» مۇزىكىسى ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، «شەرقىي ئاسىيا چالغۇلار تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىدا: «ئۇد تار تۆت قۇلاقلىق بولۇپ، دەسلەپتە زەخمەكتە چېلىنغان، كېيىن كاماللىچىدا چېلىنغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. فارابى يەنە سۇناي (sournay) ئاتالغۇسىنى تىلغا ئالغان. سۇناي ئەرەبلەردە «زامار» (zamur)، ئىرانلىقلاردا سېمى (seme) دەپ ئاتىلاتتى، ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەزىلەر نەي بىلەن سۇنايىنى ئەسلى بىر ساز دەپ قارايدۇ. سۇناي دېگەن ئىسىم مۇقىم بىر خىل چالغۇنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ نەيدىن پەرقلىنىدۇ. ھەر ئىككىسى پۈۋلەپ چېلىنسىمۇ، لېكىن چېلىش ئۇسۇلى ئوخشىمىغاچقا (سازنىڭ شەكلى ئوخشاش ئەمەس) سۇناي ئۆز ئالدىغا بىر مۇستەقىل ساز بولۇپ بۆلۈنۈپ چىققان. بوغۇزنىكى كۆندە كىشىلەر دائىم ناغرا بىلەن سۇنايىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلىش جەريانىدا «ناغرا-سۇناي» دېگەن سۆز تۇراقلىق ئىبارىغا ئايلىنىپ قالغان. راۋاب ئەڭ دەسلەپ ئىككى تارلىق بولۇپ، ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا ئوخشاش ئەمەس ئىدى، شىنجاڭدىكى راۋاب ئەگرى بويۇنلۇق كۈچا پىياسى شەكلىدە بولۇپ، ئەگرى بويۇنلۇق ۋە بىر جۈپ قوشقار مۈڭگۈزى شەكلىدىكى زىننەت قۇلاقلىق، شۇنداقلا يايلاق ھاياتى تارىخىغا ئالاقىدار ئالاھىدە تۈزۈلۈشكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ دولان، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردىكى شەكىللىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە شەكىلگە ئىگە. راۋاب كۈچا پىياسىنىڭ چېلىش ئۇسۇلى بويىچە زەخمەكتە چېلىپ كەلگەن. كېيىن ئۆزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا تارلىرى كۆپەيتىلگەن. گولاندگۆيىتتى «ئەرەب مۇزىكا تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىشىچە تەمبۇر سۆزىنى تىلغا ئالغان، ئىككى تارلىق ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغان. كوئارت ئۆزىنىڭ «پېرسىيە مۇزىكىسى» ناملىق كىتابىدا ھاپىز شىرازىنىڭ (1340 — 1389) «دۇتار» (d●ta) سۆزىنى تىلغا ئالغانلىقىنى يازغان. ماركا پولو (1254 — 1294 - يىللار) موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنى ئارىلاپ ئىككى تارلىق تەمبۇر چالغان سازەندىلەرنى كۆرگەنلىكىنى يازغان. چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سازەندىسى بېھزاتنىڭ رەسىملىرىدە شۇ خىل تەمبۇرنىڭ تەسۋىرى بېرىلگەن.

ئۇزۇن دەسلەپكى چالغۇلار ئاساسىي ئاۋازنىڭ يېرىم ئاۋاز ۋە بىر پۈتۈن ئاۋاز تۈۋەنلىتىش ئېھتىياجى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئاھاڭ شەكلى ئۆزگىرىشى ۋە تارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئاۋاز تىترىشىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. بىز دۇگخۇاڭ

مىلىك ئۆيلىرىدىكى ۋېيى دەۋرىگە ئائىت 288-، 428-ئۆيگە سۇي دەۋرىگە ئائىت 303-، 390-ئۆيگە، تاڭ دەۋرىگە ئائىت 98-، 112-، 159-، 161-، 172-ئۆيگە سىزىلغان سۈرەتلەردىن① پىيپا دەستىسىنىڭ بارغانسېرى ئۇزىراپ تەمبۇرغا يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. تۇرپان بېزەكلىك تام سۈرەتلىرىدىن ھەر خىل مىللىي كىيىملەرنى كىيگەن، قوللىرىغا بىر قەدەر ئۇزۇن دەستىلىك چالغۇلارنى تۇتقان سازەندىلەر كوللېكتىپىنىڭ ئوبرازىنى كۆرىۋالالايمىز.

چالغۇ ئەسۋاپلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەر خىل چالغۇلارنىڭ يېتىلىشى جەريانىدىكى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى پۇۋلەپ چالىدىغان چالغۇلار ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان، ئاندىن سوقىماق چالغۇلار بارلىققا كەلگەن. تارلىق چالغۇلار بولسا كېيىن پەيدا بولغان. تارلىق چالغۇلار سوقىملىق چالغۇلاردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. بارلىق تارلىق چالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى سۈرۈشتۈرسەك، ھەممىسى سوقىملىق چالغۇلارغا بېقىندىقانلىقىنى بىلىمىز. شۇ سەۋەبتىن بارلىق تارلىق چالغۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ «بىر مەنبەلىك سازلار» دەپ ئاتاش مۇمكىن.

بىر مەنبەلىك سازلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئاۋاز نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ ئىنچىكە پەرقلەرنى بىلىش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. بىر مەنبەلىك سازلار سوقىملىق چالغۇلاردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسىمۇ ئاۋاز تېمبىرى (سۈپىتى) ئوخشىمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىرمەنبەلىك سازلارنىڭ شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشاپراق كەتسىمۇ ئوخشىمىغان ئاۋازلار ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭغا ماسلىشىپ، سازلارنىڭ ئۆزىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىشقا يۈزلەنگەن، مانا بۇ پەرقلەر چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئوبيېكتىپ ئىچكى سەۋەب. كەڭ سەھنە بولغان يېزا قىشلاقلاردا خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ئومۇملىشىپ تەرەققىي قىلغانلىقى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋە كلاسسىك ئۇسلۇبى مەيدانغا كەلگەن مۇھىت ۋە ئېھتىياج — چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى تاشقى سەۋەب. بىر مەنبەلىك چالغۇلار (تارلىق سازلار) نىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىشى نىسبەتەن تۇتۇقراق بولۇپ ئۇنى ئايرىشتا تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنا بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش مۇمكىن.

1) ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىم (چالغۇ) نىڭ ئوخشىماسلىقى، بىر تارنى راۋابقا تارتىپ چالغاندا چىققان ئاۋاز بىلەن تەمبۇرغا تارتىپ چىققاندا ئاۋاز ئوخشاش بولمايدۇ.

2) ئاۋاز چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئەينى بىر تەمبۇرنى كامالچىدا چالغاندا چىققان ئاۋاز بىلەن زەخمەك ياكى قولدا سوققاندا چىققان ئاۋاز ئوخشىمايدۇ.

3) رېزوناتور (ئاۋازنى چوڭايتىش ئورنى) نىڭ ئوخشىماسلىقى. غىجەكنى كامالچىدا چالغاندا چىققان ئاۋاز بىلەن تەمبۇر ۋە راۋاپنى كامالچىدا چالغاندا چىققان ئاۋاز ئوخشىمايدۇ. بۇ خىل سازلار بىر كامالچىدا چېلىنسىمۇ لېكىن چالغۇلارنىڭ

① «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» 73-بەت.

رىزاناتۇر قىسمى ئوخشىمىغاچقا ئۇلاردىن ئوخشىمىغان ئاۋازلار پەيدا بولغان.

بىر مەنبەلىك سازلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى فونېتىكا (تىل تاۋۇشلىرى) نى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. تارلىق چالغۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشى دەسلەپ چارۋا ماللارنىڭ تېرىسىدىن يېپىلغان بولۇپ، باشتىن-ئاخىر مۇشۇ خىل شەكىل ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. بىراق ھازىرقى دۇتتار، تەمبۇر، غىجەكلەرنىڭ بېشى تېرە بىلەن ئەمەس نېپىز تاختاي بىلەن يېپىلغان. بۇ سازلار داپ، راۋاب ۋە دۇمباقچا قارىغاندا ھەجمى سەل چوڭ (ئۇزۇن)، ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىش ۋە يىغىشتۇرۇش باشقا سازلارغا نىسبەتەن قولايسىز. دائىم ئۇنى ياندا ئېلىپ يۈرگەندە ئۇنىڭ سۆپىتى، يامغۇر ۋە نەملىكتىن بۇزۇلۇپ كېتەتتى. مانا مۇشۇ يېتەرسىزلىك كىشىلەردە ئىسلاھ قىلىش ئىستىكىنى پەيدا قىلغان. كىشىلەر ئاسراشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈزىگە نېپىز تاختاي يېپىپ سۆپىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋە ئۇنىڭغا قوي، ئۆچكىلەرنىڭ پەي، ئۈچەيلىرىدىن تارا ئىشلەپ سالغان. گەرچە ئۇۋاقىتتا شىنجاڭدا يىپەك ئىشلەش ۋە يىپەك توقۇش ئاللىقاچان ئومۇملاشقان بولسىمۇ① تارلىق چالغۇلارغا يىپەك تار ئىشلىتىلمىگەن، تارىختىكى پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى مۇئەييەن دەۋردە بىر-بىرىگە ئېھتىياجلىق نەرسىلەر بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت ۋە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، كىشىلەرنىڭ بىلىمى ۋە دەۋر تەرەققىياتى ئۆز ئارا ماسلاشمىغاچقا، كىشىلەر بۇ خىل ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى دەرھال بايقىيالمايدۇ. كىشىلەر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل ھالەتنى ئىلگىرى ياكى كېيىن مۇقەررەر ئۆزگەرتىدۇ. سۈي، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە كىشىلەر تارلىق چالغۇلاردىكى بۇ خىل يېتەرسىزلىكنى تەدرىجى تونۇپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن پەي ۋە ئۈچەي تارلارنىڭ ئورنىغا يىپەك تارلارنى ئىشلەتتى. پەي، ئۈچەي ۋە كىرىچ تارلارنىڭ يېتەرسىزلىكى كۆپ بولۇپ، تارنى تەكشى ئىشلەش قىيىن، شۇنىڭدەك نەملىكتىن ئاسانلا بۇزۇلۇپ ئاۋاز سۆپىتىگە تەسىر يېتەتتى. كىرىچ تارنىڭ ئاجىزلىقى ئەڭ دەسلەپكى كىرىچ تارلىق بەرباپنىڭ ئاجىزلىقى ئىدى. يىپەك تار ئىشلىتىلگەندىن كېيىن چالغۇ ئەسۋابلاردا ئۈچەي تارلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئاجىزلاشتى، بۇنداق دېگەنلىك پەي، ئۈچەي ۋە كىرىچ تارلار تەل-تۆكۈس يوقالدى دېگەنلىك ئەمەس. ھازىرمۇ بەزى چالغۇلاردا پەي تارلارنىڭ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شىنجاڭ رايونى تارىختىن بۇيان سەنئەت ۋە ناخشا-ئۇسسۇل بىلەن داڭ چىقىرىپ، «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتالغان. شىنجاڭ رايونىنى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئەنئەنە — ئەنئەنىۋى، تەسۋىرىي سەنئەت بايلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش، ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ شۇ زامانىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى تەرەققىياتىدىن ئايرىپ

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 82-يىل 2-سان «يىپەك ئىلى خوتەن» دېگەن ماقالىغا قاراڭ.

قارىغىلى بولمايدۇ. كۆپ ئەسىرلىك ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تارىخى — ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇللىرى خەلق مەشرەپلىرى، كلاسسىك مۇقاملىرى، بېيىتلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە خوتەن قاشتېشى دەريا بويلىرى تۇرپان ئۈزۈمزارلىقى، مەكىت، مارالۋېشى بوستانلىقلىرى زەرەپشان دەريا بويلىرى، قۇمۇل تاغلىرى خەلقىنىڭ سەنئەت مەكتىپى بولۇش بىلەن ئەل ئىچى سەنئەتنىڭ ئاساسلىق تۈپرىقى سۈپىتىدە ھازىرمۇ گۈللەپ ياشنىماقتا. خوتەن ۋە دولاننىڭ يىراق چەت يېزىلىرىدا قۇمۇلنىڭ قاتمۇ-قات تاغ ئارىسى كەنتلىرىدە ساقلانغان چالغۇ-ئەسۋاپلىرى ۋە ئۇيغۇر مەشرەپ نەغمىلىرى بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ناخشا-ئۇسسۇل توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى كۈچەيتىدۇ. ئىسلام دىنى كېچىكىپ تەسىر قىلغان ۋە ئىسلام دىنى مەركەزلىرىدىن يىراق بولغان قۇمۇل تاغلىرى ۋە خوتەننىڭ شەرقىي ناھىيىلىرى چالغۇ-ئەسۋاب ۋە ئۇسسۇل سەنئىتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ بىر جانلىق تەبىئىي مۇزېيى، قەدىمكى ۋە كېيىنكى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى زامانغا ئائىت خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا شىنجاڭنىڭ چالغۇ-ئەسۋاب ۋە ناخشا-ئۇسسۇللىرى توغرىسىدا يېزىلغان ماتېرىياللار ناھايىتى مول ۋە قىممەتلىك. شۇنداقلا كېيىنكى ۋاقىتتا پەيدا بولغان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال. بۇ ھەقتە يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

---

(بېشى 128 - بەتتە)

يۇقىرىدا، زۆرۈرىيەت بولۇپ، بۇ چاغقىچە ئېلان قىلىنغان چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ يېشىمىدىكى نۇقسانلاردىن بىر-ئىككى نەمۇنە كۆرسەتتۇق. غەرىزىمىز ھەرگىزمۇ قەستەن قۇسۇر تېپىش ئەمەس، بەلكى يولداشلارنىڭ ئەستايىدىلراق بولۇشىنى تىلەشتىن ئىبارەت.

چاغاتاي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى شارائىتىدىكى تەرەققىياتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتكۈل تىل-يېزىق تارىخىمىزدا ئىشلىتىلگەن ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن تىل بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە لۇغەت فوندىغىمۇ نىسبەتەن باي تىل ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز ئىچىدە مەزكۇر تىل بىلەن يېزىلغانلىرى مۇتلەق كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېرى شۇكى، نۆۋەتتە كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشى رەسمىي كۈن تەرتىپكە قويۇلۇپ، خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلماقتا. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، چاغاتاي تىلىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى، شۇ جۈملىدىن ئۇنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى ھەققىدىمۇ ئېنىق ۋە يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشنىڭ رەتلەپ ۋە ئىزاھلاپ ئېلان قىلىنغۇسى كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ سۈپەت كاپالىتىگە ئاز-تولا ياردىمى بولار دەپ قارايمىز.

# قەدىمىي شەھەر ھىرات ۋە ئۇيغۇرلار

غەيرەتجان ئوسمان

## I

ھىرات — ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى ھىرات بوستانلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى ھىرات ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆپلىگەن مەشھۇر قەدىمىي سەيلىگاھلار بار.

زورو ئاستېر (zoro aster) دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» (A Vesta)، قەدىمكى پىرسىيە بېھىستۇن ئابىدىلىرى ۋە ئىسكەندەر دەۋرى (م. ب 323 — 356 يىللار) دىكى گرېك تارىخى ماتېرىياللىرىدا ھىرات تىلغا ئېلىنغان. «ئالدىنقى خەن سۇلالىسى تارىخى» دىن تارتىپ ھەرقايسى دەۋرلەردە يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردا ھىرات خىلمۇ-خىل ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ھىرات مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردىلا مەۋجۇت بولۇپ، «ئىران تۆزلەڭلىكى بىلەن ھىندى دەريالىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر پۈتۈن رايوننىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەركىزى» (ئېنگېلس) ئىدى. قەدىمكى شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئىگە بولۇپ كەلگەن ھەمدە شۇ چاغدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. ئۇ خەلقئارالىق سودا يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن، شۇنداقلا ھەربىي جەھەتتىن كۆچ سىنىشىدىغان بازا بولۇپ قالغان.

ھىرات دەسلەپ باكتېرىيە سۇلالىسىنىڭ مەركىزى قىلىنغان. ساسانىلار دەۋرى (م. 226 — 651 - يىللار) دا ھىرات ئىراننىڭ شەرقىدىكى مۇھىم بازار بولۇپ، سودا ئىشلىرى خېلى يۈكسەلگەن. VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەسىدە بولغان. XII ئەسىردە گور سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھىرات ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان. بۇ چاغدا ھىراتنىڭ ئاھالىسى 44 مىڭ بولۇپ، 600 دىن كۆپىرەك ئورۇندا مەدرىس، شەھەر ئىچىدىكى 12 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ دۇكىنى بولغان. ئالتە مىڭ ئورۇندا سەرراپ-ھاممام ئېچىلغان. يەنە بەزى خاتىرىلەرگە قارىغاندا خېرى (Heri) دەرياسىدىن توققۇز تارماق ئۆستەڭ چېپىلىپ ھىرات

ئەتىراپىدىكى مۇنبەت يەرلەر سۇغۇرۇلغان. 1226 - يىلى ھىرات موڭغول قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئالتە ئاي مۇھاسىرە قىلىنغان. موڭغول قوشۇنلىرى جالالىدىن شاھزادىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىدىدە ھىرات شەھىرىنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن؛ مۇشۇ چاغدا 40 ئادەم قالغان، دىگۈچىلەر بار.

1245 - يىلى شەمسىددىن مۇھەممەد كورد سۇلالىسىنى قۇرغان ھەم ھىرات پايتەخت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ھىرات قايتىدىن گۈللىنىشكە باشلىغان. XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ يەتكەن. بۇ چاغدا كۆپلىگەن مەسچىت - مەدرىسىلەر رېمونت قىلىنغان ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان. مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت راۋاجلاندۇرۇلغان.

تۆمۈر (1336 — 1405) نىڭ ئوغلى شاھرۇھ (1377 — 1448) تۆمۈرىلەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان چاغ (1405 — 1448) لاردا ھىرات پايتەخت قىلىنغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوتتۇرا ئەسىرگە لايىق ساناقلىق شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

XV ئەسىردىن كېيىن تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى ھۆسەيىن بايقارا (1468 — 1506) دەۋرىدە ھىراتنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولغان. شۇندىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ھىرات ئاساسەن مۇقىم تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ ھىرات چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغان. ئافغانىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ھىراتنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ مۇھىم سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ھىرات ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولۇش رولىنى ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.

## II

قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن مىللەت ۋە خەلقلەر بۇ شەھەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئورتاق ئەمگەك قىلغان، ئۇنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان. بۇ يەردە يارىتىلغان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىرى ۋە يېتىشىپ چىققان زاتلارنىڭ ئايرىملىرى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ، گىگانت مۆجىزىلەر ۋە ئادەملەر ئىدى. ھىراتتا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى.

قاراخانىلار دەۋرى (840 — 1212) دە ئۇيغۇرلار ھىراتقا قەدەم باسقان①. راشىددىدىن (1247 — 1318) نىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق كىتابىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن موڭغول قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە خوراسان رايونىدىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ئوغۇتاي دەۋرى (1229 — 1241) دە نىستورىيان دىنىدىكى ئۇيغۇر كوركوز (korkoz) موڭغۇللارنىڭ ئىراندىكى باش ئەمەلدارى بولغان. فرانسىيە پادىشاھى موڭغۇللارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ۋىلگىلىم

ج. روبروكنىڭ 1253 - يىلى يازغان خاتىرىسىدە نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىراندىكى «مۇسۇلمان شەھەر» لىرىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى قەيت
قىلىنغان. راشىدىددىن يەنە 1000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئىرانغا
كېلىپ، پوچتا - ئالاقە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. «يۈەن تارىخى»
63 - جىلد. «غەربىي شىمالدىكى زېمىنلارنىڭ قوشۇمچە خاتىرىسى» (元史63卷西北地附录)
دە بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 35 شەھەرنىڭ «ئۇيغۇرلار يېرى»(畏兀儿地)
دائىرىسىدىكى شەھەرلەر ئىكەنلىكى ئېنىق ۋە تەپسىلى، بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتۈلگەن
بولۇپ، ھىراتمۇ مۇشۇ شەھەرلەر تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەسىلىنى ھېچ بولمىغاندا،
ئەينى شارائىتتا ئەشۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىنىڭ خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن
بولغان دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇرلار بىلەن ھىرات قاتارلىق جايلارنىڭ
ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرغان. چۈنكى، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تەڭرى
تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ماۋارائۇننەھىر، ھەتتا ئىران ئېگىزلىكىدىكى قىسمەن
رايونلارغا كېڭەيگەنىدى. دېمەك، بىر خانىدانلىق دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالاقە -
سىنىڭ راۋان بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

تۆمۈر (1336 — 1405) نىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرى
(1370 - يىلىدىن XVI ئەسىرنىڭ دەسلەپكىچە) دە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ
ئالاقىسىدا ئاجايىپ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھىرات قاتارلىق جايلاردا
پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن بىرقىسىم شەرت - شارائىتلار ھازىرلاندى.

1365 - يىلى تۆمۈر سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى چىناز بىلەن تاشكەنت
ئوتتۇرىسىدا شەرقىي چاغاتاي موڭغۇل قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. 1370 - يىلى
تۆمۈر سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ، ماۋارا ئۇننەھردىكى توپىلاڭلارنى بىرنەچچە يىل
ئىچىدە بېسىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ماۋارائۇننەھر رايونى شەرقىي چاغاتاي جەمەتلىرى
خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىن ئايرىلىپ چىقتى. تۆمۈر بۇ جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.
تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، شەرقىي چاغاتاي ئۇلۇسى - موغۇلىستان
(ئاساسەن بۈگۈنكى شىنجاڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە سۇ رايونى ھەم ئىسسىق
كۆلنىڭ شەرقىدىكى رايونلار) بىلەنمۇ ھەپىلەشكەن. شەرەفىددىن ئەلى يەزدى «زەپەر -
نامە» دېگەن كىتابىدا ۋە نىزامىددىن شەمىمۇ «زەپەرنامە» (1404 - يىلى يېزىلغان)
دېگەن كىتابىدا تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ شەرقىي چاغاتاي
ئۇلۇسىدىكى شەھەرلەرنى تالاپەتكە ئۇچراتقانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان. شەرە -
فىددىننىڭ يېزىشىچە، تۆمۈر 1375 - يىلىدىن 1379 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ
يەرگە بەش قېتىم ھۇجۇم قىلغان. بىر قېتىم تۆمۈر قوشۇنلىرى بىلەن چاغاتاي قوشۇنلىرى
ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا قاتتىق ئۇرۇشۇپ، چاغاتاي تەرەپ يېڭىلگەن، تۆمۈر پۇرسەتنى

غەنىمەت بىلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئالمىلىققا (ھازىرقى قورغاس تەۋەسىدە) ۋە قەشقەرگە ماڭغۇزغان. ئالمىلىق قەلئەسىدە چاغاتاي خانى خىزىر خوجا تېخىمۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان؛ تۆمۈر قوشۇنى بۇ قەلئەنى ئىشغال قىلىپلا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. قەشقەر شەھىرىمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. مانا مۇشۇنداق ئۇرۇش - تالاشلار نەتىجىسىدە تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە يانداشقان ئەھۋالدا، ئۆزلىرى تالاپەتكە ئۇچراتقان شەھەر، يېزىلارنىڭ بايلىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشتىن باشقا يەنە بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرىنىمۇ مەجبۇرى يوسۇندا ئۆز مەركەزلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا كۆچۈرۈپ كەتكەن. ئابدۇراززاق سەمەرقەندى «مەتلە ئەسسادايىن ۋە مەجمەئەل بەھرەيىن» (ئۇنلەرنىڭ مەنبەئىي ۋە ئىككى دېڭىزنىڭ بىرلىشىشى) (1471 - يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابىدا ئۆمەر شەيخنىڭ XIV ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا قەشقەر ئاھالىسىنى ئەنجانغا كۆچۈرگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان. موغۇلىستان خانلىرىدىن ئىسەن بۇقا دەۋرلىرىدە دوغلات قەبىلىسىدىن سېيىد ئەھمەد قەشقەرى نازارەت - مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى بېجىرگەن ئىدى. لېكىن بۇ ئادەم ناھايىتى ئىقتىدارسىز بولغاچقا، ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەرلىك خوجىلا سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغ بەگ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۇنى قەشقەردىن قوغلىۋەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەر ئۇلۇغ بەگنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان. ئۈچ يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىسىدا سېيىد ئەھمەد ئېلى قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغان②. مۇشۇ چاغدا سەمەرقەند تەرەپكە ھېسسىداشلىق قىلغۇچىلار ۋە بىرقىسىم ئالدانغان ئاممە قەشقەردىن ماۋارا ئۇننەھر تەرەپكە كېتىپ قالغان، دېگۈچىلەر بار.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ھىرات قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بىرقىسىم ئىقتىدارلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى. چۈنكى تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئالدىنقىلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز سارايلىرىغا شائىر، رەسسام، تارىخچى، مۇزىكانت، جۈملىدىن ئالىم - ئۆلىمالارنى بەزى ئىختىيارى، بەزى مەجبۇرى ھالدا يىغىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شان - شەرىپىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان ئىدى.

«XV ئەسىردە ھىرات، سەمەرقەندتىكى شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) لىقلار ئارىسىدا سەئىدىدىن قەشقەرى، سۇلتان مالىك قەشقەرى، جانىبەگ دولداي، غىياسىدىن باخشى (ناۋايىنىڭ دادىسى)، ئەھمەد ھاجىبەگ، ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد دولداي، شاھقۇلغا ئوخشاش ئۇيغۇرلار ۋە باشقا كۆپلىگەن ئەدىبلەر دىنىي ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بولغانلىقى مەلۇم»③ . بۇنىڭ ئىچىدە شەيخ ئەھمەد سۇخەيلى قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ بۇ چاغدا لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، ناۋايى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرغان ئىدى.

سەئىدىددىن قەشقىرى ھەققىدە ناۋايىنىڭ «خەمسەتۇلمۇ تەھەييىرىن» (ھەيران بولغانلار ھەققىدە خەمسە) دېگەن كىتابىدا ئۇنى تەسەۋۋۇپنىڭ چوڭ ئەربابى سۈپىتىدە ئەسلەپ ئۆتىدۇ: «ھەزرىتى قۇتبى تەرىقەت ۋە غەۋسى ھەقىقىي مەۋلانە سەئىدىددىن قەشقىرىكىم ‹نەقشىبەندىيا› خوجالەري سىلسىلەسىنىڭ ئۇل زاماندا كامىل ۋە مۇكەممەل مۇرشىد ۋە خەلىفەسى ئەردى...» ھىراتتا ئاساسەن سوپىزمنىڭ نەخشبەندىيە جەمئىيىتىگە رەھبەرلىك قىلغان بۇ كىشىگە ئۇلۇغ تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492) مۇرىدى، كېيىن ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولغان. سۇلتان مالىك قەشقىرى ھەققىدە مەلۇماتلار ئىنتايىن ئاز. ناۋايى «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد ھاجىبەگ توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەندە، ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭدىشى يوق كىشىسى ئىدى دەپ تەكىتلەيدۇ ھەم «ۋاپائى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسى بارلىقىنىمۇ ئەسلىتىدۇ. «مەجالىسۇن نەفائىس» نىڭ V مەجلىسىدە مۇنۇلار يېزىلغان: «سۇلتان مالىك قەشقىرى كى زامانىنىڭ تەڭدىشى يوق كىشىسى ئىدى، شۇنىڭ ئوغلىدۇر. ‹ۋاپائى› دەپ تەخەللۇس قىلاتتى. ئەخلاقىي گۈزەل، كۆڭۈللۈك، ھەممىگە پىسەنت (قادىر) يىگىتتۇر. ئۇ خۇراساندا تەربىيە ئالغان. خۇراسان مەركىزى ھىراتتا ئون يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. سەمەرقەندتە بىر مەزگىل ھاكىم بولدى ۋە بىرقەرنە (30 يىل) دىن بۇيان مۇستەقىل ئەمىرلىك ئورنى بىلەن پادىشاھ (ھۈسەيىن بايقارا) غا نايىپ — ۋەكىللىك قىلماقتا. ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ ئىتراز بىلدۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ھەيۋەت — باھادىرلىقىنى ھەممە كىشى تونۇيدۇ ۋە تەسلىم بولىدۇ. (قايىل بولىدۇ.) تەبئىي غايەت گۈزەل نەزمىلەرگە كۆپ ساز سالىدۇ، بۇ مەتلەئە ئۇنىڭدۇركى:

گىرىفتى جانىمەن ئەزتەن بىزۇلفى پۇرۇشكەن پەستى،
كوشادى پەردە ئەزرۇخسارى خىش چۇشمە بەستى.

(ئەي سۆيۈملۈك! مېنىڭ جېنىمنى تېنىمدىن ئېلىپ بۇدرە چېچىڭغا باغلىۋالدىڭ. ئۆزۈڭنىڭ يۈزۈڭ - جامالىڭنى پەردىدىن ئېچىپ كۆزۈمنى باغلىدىڭ)

يۇقىرىقىلاردىن بىز ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئىقتىدارلىق دۆلەت ئەربابى ھەم مۇزدكانىت ۋە ئۇيغۇر، پارس تىللىرىدا شېئىر يازالايدىغان شائىر ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئەھمەد ھاجىبەگ ھەققىدە بابۇر (1482 — 1530) مۇ «بابۇرنامە» دە مەلۇمات بەرگەن: «يەنە بىرى ئەھمەد ھاجىبەگ ئىدى، سۇلتان مالىك قەشقىرىنىڭ ئوغلى ئىدى. ھىرى (ھىرات - نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) ھۆكۈمىتىنى سۇلتان ئابدۇسىيىد مىرزا نەچچەمەھەل مۇڭا (ئۇنىڭغا) بېرىپ ئىدى. (تاپشۇرغان ئىدى). جانىبەگ (ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ كىچىك دادىسى) ئۆلگەندىن سوڭ، ئەنىڭ مۇچەسىنى بېرىپ، سەمەرقەندگە

يىبەردى، خۇشتەب ۋە مەردانە كىشى ئىدى، «ۋاپائى» تەخەللۇس قىلۇر ئىدى، ساھىب دىۋان ئىدى. شېئىرى يامان ئەمەس ئىدى. بۇ بېيت ئەنىڭدۇركى.

مۇستەم، ئەي مۇختەسىپ، ئىمرۇززى مەن دەست بىدار،
ئىختىسابەم بېكۈن ئان رۇزكى يابى خۇشيار.
(«بابۇر نامە»، 77 - بەت).
(ئەي مۇختەسىب. مەستمەن، بۈگۈن مىنىڭدىن قولۇڭنى تارت،
قاچانكى خۇشيار تاپساڭ، شۇ كۈن تەكشۈر،)»

جانىبەگ (دولداي) قەشقەرى سۇلتان مالىك قەشقەرىنىڭ كىچىك ئوغلى (ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئىنىسى) بولۇپ، بىر مەزگىل سەمەرقەندگە ھاكىم بولغان. بۇ ھەقتە «بابۇرنامە» دە:

شاھ قۇلى ئۇيغۇر ئىسىملىك ئەدىب ئۆز ئۇرۇقلىرىنىڭ تەلپى بويىچە باخشىلىق كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان. ناۋايى «مەجالىسۇن نەفائىس» تا تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىدۇ: «شاھ قۇلى ئۇيغۇر — ياش چېغىدا بىلىم ئېلىش ئۈچۈن بىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆردى. لېكىن ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەركە بالىسى بولغىنى ئۈچۈن ھېچقايسىدىن كۆزگە كۆرۈنگىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. كېيىن ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شېئىر ژانىرلىرىنىڭ ئىچىدە ‹مۇئەممىا› يېزىشتا غەلىبە قازىنىپ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۈمىدىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. مانا بۇ ‹مۇئەممىا› ‹ماھۋى› ئۇنىڭدۇركى:

ئەي مېھنەتى مەبىخ پېشۋەي مەرفىدۇر،
گەر مەسلىھەت ئەست، گوۋۇگەرىنىس مەگو.»

ئەگەر تەرجىمە قىلسا «ماھۋى» دېگەن ئىسىم چىقمايدۇ. شۇڭا بۇنى ناۋايىمۇ تەرجىمە قىلمىغان. ئەپسۇسكى ناۋايى شاھ قۇلى ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر (تۈركىي) تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن مىسال ئالمىغان.④

ناۋايىنىڭ دادىسى نىزامىددىن (غىياسىددىن) كىچىك ئەيىنى چاغدىكى خۇراسان ھۆكۈمدارى ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئۇيغۇر — ئەرەب تىلى بويىچە كاتىپلىرىدىن بىرى ئىدى. كېيىن ئۇ خۇراسانغا قاراشلىق سەبزۋار شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولغان، ئۇ ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيگۈچىلەردىن ئىدى. ناۋايىنىڭ تاغىلىرىدىن مىرسىد قابۇلى ۋە مۇھەممەد ئەلى غۇربىتى قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلى بىلەن شېئىر يازىدىغان كىشىلەردىن ئىدى. ناۋايىنىڭ ئىنىسى دەرۋىش ئېلى بەلخ شەھىرىگە ھاكىم بولغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا - شېئىرىيەتتىكى غەزەلچىلىك ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغان شائىر ئاتايىنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى ھىرات بىلەن ئالاقىدار بولغان. ئۇ، ھىرات قاتارلىق جايلاردىكى مەدەنىي ئاتموسفېرادىن ئوبدان نەپەس ئېلىپ،

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىر قىسىم ئۆلمەس غەزەللەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ناۋايى ئۇستازىم دەپ ھېسابلىغان، ماۋارا ئۇننەھر ۋە خۇراساندا تۈركىي ـ ئۇيغۇر تىلىدا ياخشى شېئىرلارنى يېزىشنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى ئەبەيدۇللا لۇتفىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھىرات بىلەن چەمبەر چاس باغلانغان. ناۋايى لۇتفى ھەم يەنە بىر ئۇيغۇر شائىرى (ھىرات بىلەن مۇناسىۋەتلىك) سەككاكىلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل ئۇستىلىرىدىن ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفىلاركى، بىرىنىڭ تاتلىق شېئىرلىرىنىڭ شۆھرىتى تۈركىستاندا چەكسىز ۋە بىرىنىڭ يېقىملىق، گۈزەل غەزەللىرىنىڭ تارقىلىشى ئىراق ۋە خۇراساندا ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم (شېئىرىي) توپلاملىرى بار.» («خازا ئىنئۇلمە ئانى» نىڭ كىرىش سۆزىدىن).

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەندى ئەلشىر ناۋايىنىڭ نامىسىز ھىراتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى ھەققىدە سۆز ئېچىش قىيىن. مىرزا ھەيدەر قەشقىرى (1500 — 1551) «تارىخىي رەشىدى» (1541 — 1546 - يىللىرى يېزىلغان) ناملىق نوپۇزلۇق بىتابىدا ناۋايى (1441 — 1501) نىڭ نەسەبى توغرىلىق ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن 45 يىل كېيىن تۆۋەندىكىدەك تولىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇر بېرىپ ئۆتىدۇ! «ئۇنىڭ ئەسلى زاتى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئاتىسىنى كىچىك باخشى دەپ ئاتايتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى.»، مىرزا ھەيدەرنىڭ مەزكۇر مەلۇماتىنى ئاتاقلىق سوۋېت ئالىمى ئا. ئا. سېمېنوۋ ۋە سۇلتانوۋ، تۈركىيىلىك مەشھۇر تاتار ئالىمى ئەھمەد زەكى ⑤، ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەد قاباكلى⑥ ۋە باشقىلار تەكىتلەپ ئۆتكەن.

داڭلىق ئۆزبېك ئالىمى ئىززەت سولتانوۋمۇ ئۆز ئەسىرىدە ناۋايىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ھەقىقەتنى بايان قىلغان ئىدى.⑦ دېمەك، ناۋايى ھىراتتا ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ناۋايى ھۆسەيىن بايقارا ئوردىسىدا باش ۋەزىر بولغان (1472)، ئۇ خىزمەت ئىشلەپ تۇرغان ۋاقىتلاردا ھىراتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە كىشىنى رازى قىلىدىغان ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ناۋايى ھىراتنىڭ ھەرخىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە كۆپلىگەن مەدرىس ـ مەسچىتلەر، ئىلمىي پائالىيەت سورۇنلىرى، باغلىق ئارامگاھلار ۋە باشقا قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ ناۋايى دەۋرىدە ھەر خىل كىتاب ئىجادىيەتچىلىرى قېتىقىنىپ مېھنەت سىڭدۈردى. ئالدىنقى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى كىتابلار كۆچۈرۈلۈپ، كۆپەيتىلدى، يېڭى كىتابلار نەقىشلەندى، كۆركەم ھەل، ۋە نەيىس رەسىملەر بىلەن بېزەلدى

ناۋايى ئۆز ئەتراپىغا بىر تۈركۈم ئىلمىي خادىملارنى يىغىپ ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن ئىدى. مەسىلەن، تىلشۇناسلاردىن سەيفىدىن ئەھمەد، شەيخ ھۆسەيىن؛ ئەدىبلەردىن دۆلەت شاھ، سەيفى بۇخارى،

شەمشىدىن مۇھەممەد بەدەخشانى، كامالىدىن ھۇسەين؛ تىبابەت ئالىملاردىن دەرۋىش ئەلى؛ تارىخچىلاردىن مىرخۋاندخاندەمىر؛ كاللىگرافلاردىن (ھۆسنخەت يازغۇچىلاردىن) سۇلتان ئەلى مەشھەدى، ئابدۇ جامال كاتىب؛ رەسساملاردىن بېھزادە ۋە شاھ مۇزەپپەر؛ كومپوزىتورلاردىن غۇلام شاھىدى؛ سازەندىلەردىن غۇجا ئابدۇللا مەرۋى، قۇل مۇھەممەد ئۇيدى، شەيخ ناۋايى، ھۇسەيىن ئۇيدى قاتارلىقلار ۋە شائىرلاردىن شەيخ سۇخەيلى، گادايى، بابا شۇرىدا قاتارلىق ئۇنلىغان كىشىلەر بار ئىدى.⑧ (بۇلار ئۇنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە ناھايىتى تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان).

ناۋايىنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرگە ياردەم بەرگەنلىكىنى XV ئەسىرنىڭ ئاتاغلىق تارىخچىسى خاندېمىرنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىن ئېنىق چۈشىنىمىز، ناۋايى خاندېمىرگە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «شۇنداق بىر تارىخىي كىتاب تەرتىپ قىلىنسۇنكى، ئۇنىڭ ئىبارىلىرى مەجاز، ئىستىئارە، كىنايە ۋە باشقىلار مۇرەككەپلىكلەرگە ئورالمىغان بولسۇن، كىتاب بىر مۇقەددىمە، يەتتە قىسىم ۋە بىر خاتىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن، ئوقۇغۇچى ئۇ قىسىملاردىن بىرىنى ئوقۇغاندا باشقا قىسىملارنى ۋاراقلاپ كۆرۈشكە مەجبۇر بولمىسۇن.»، بۇلار، خاندېمىرنىڭ ناۋايىدىن مەنىۋى جەھەتتىن ئالغان ياردىمىنىڭ ئەسلىمىسى بولسا، ئۇ ئەندى ماددىي تەرەپتىكى ياردىمىنى مۇنداق ئەسلەيدۇ: «مەن بۇ خىزمەت ئۈچۈن لازىم بولغان ئىش جايى، كىتاب (مەنبەلەر) ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەر توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىنىمدا، ئۇ، مىرخۋاند ـ دىدى ـ دە، ئۆزى ئاچقان ‹خالاسىيە› خانىقاسىدىكى ئۆزىگە ئاتىغان مەخسۇس پۈتۈن كىتاب ئەسۋابلىرى بىلەن ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى».

شەرقنىڭ رافائىلى (رافائىل، 1483 — 1510، ئىتالىيىلىك مەشھۇر رەسسام) دەپ تونۇلغان پارس رەسسامى بېھزادە ۋە خەتتات سۇلتان ئەلى قاتارلىقلار ناۋايىنىڭ بىۋاستە ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمى بىلەن ئۆسكەن. بۇنداق مىساللار ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ.

ئەلشىر ناۋايى ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ، سىياسىي، ئەدەبىي ۋە باشقا ئىلمىي ساھەلەردە ئاجايىپ تالانتىنى كۆرسەتتى. ناۋايى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراس ناھايىتى مول. ئۇ، ئۇيغۇر، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا بىباھا غەزىنە. ناۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىسىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئەدەبىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ناۋايىدىن زادى ئايرىلالمايدۇ. دېمەك، «بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلانغان، بۇ خانلىق تەۋەسى (دەسلەپكى چاغاتاي خانلىقى ۋە تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى كۆزدە تۇتۇلغان) دىكى ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئەدىبلەر، شائىرلار مەيدانغا كەلگەن. سەككاكى، لۇتفى، ئەمىرى، گادايى، ئاتايى، مۇھەممەد خارەزمى، يەقىنى قاتارلىقلار شۇلارنىڭ نامايەندىلىرىدۇر»⑨، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھىرات بىلەن ئالاقىدا بولۇپ كەلگەنلەر ئىدى. تۆمۈرىلەر دەۋرىدە يەنە باشقا بىر قاتار ئەسەرلەرمۇ ئۇيغۇر

تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىپ چىقىلغان. مەسىلەن: XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۆمۈرنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى توغرۇلۇق ئۇنىڭ سارىيىدىكى ئۇيغۇر باخشى (كاتىپ) لىرى تەرىپىدىن يېزىلغان (سەمەرقەندتە) شېئىرىي خىرونىكا بولغانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە XVI ئەسىردىكى بىر ئاپتور مەزكۇر ئەسەر توغرۇلۇق مۇنداق يازغان. «‹تارىخىي خانى› دۇركى، ئۇيغۇر باخشى (كاتىب) لىرى، ئۇنى، ئۇيغۇر خېتى ۋە تەلەپپۇزى بىلەن بىتىپدۇرلەر (يازغانىكەن)»[10].

III

ئۇيغۇرلار ھىرات قاتارلىق جايلاردا ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەخسى ئىستىداتىنى نامايەن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمىي ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بۇ تەرەپلەرگە كۆچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغانىدى. جۇۋاينى (Juwaini. 1226-1283) «تارىخىي جاھان كۇشاي» (Tarikh-i-Jahan Gusha) ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل 1252 — 1260-يىللىرى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، بۇ يەردە «ھەممە ئادەم ئىلىم-پەن بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر تىلى ھەم ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ بارىدۇ» دەپ ۋايىسىغانىدى. ئۇ دەۋاتقان يەرلەر ئىچىدە ھىراتمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى خېلى كۆچلۈك ئىدى. ئاكادېمىك بارتولد ھەققانى ھالدا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان: «مەدەنىي خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن پەقەت مۇسۇلمانلار (ئاساسەن تاجىكلار) ۋە ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ، ئىمپېرىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ چوڭ رول ئوينىدى ۋە خانلار ئالدىدا ئىناۋەتتى بار ئىدى (باشقا تائىپىلەردىن بولغانلار ئاز ئۇچرايدۇ)»[11] ئوبۇلغازى باھادىرخانمۇ (1605 — 1664) مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇيغۇرلار مەھكىمە ئالاقە ئىشلىرىنى (دەپتەرچىلىكنى) ياخشى ئبلىپ باراتتى ۋە دىۋان ھېسابات ئىشلىرىنى پۇختا بىلەتتى. چىڭگىزخاننىڭ زامانىسىدا ماۋارائۇننەھر، خوراسان ۋە ئىراقتا بارلىق مۇشاۋىر ۋە كاتىپلار ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. تۆمۈرلەر مەھكىمىلىرىدىمۇ ئىش قەغەزلىرى بىر تۇتاش ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يۈرگۈزۈلگەن»[12] بارتولد تەتقىقات نەتىجىلىرىدە تۆۋەندىكى خۇلاسىلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان:

«چىڭگىزخان شاھزادە — بەگزادىلەرگە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ئۇيغۇر يېزىقىدا ‹موڭغۇل ياسىقى› (‹بىلىك ياساق — چىڭگىزخان ياسىقى›)، ھەممە ھەرقايسى ئوردىلارنىڭ يىلنامىلىرى تۈزۈلگەن... موڭغۇل دۆلەتلىرىدە بۇ يېزىق ئاساسەن ئوردا ئىچىدە قوللىنىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىپلوماتىيە ھۆججەتلىرىدىمۇ قوللىنىلغان... پىرسىيىنىڭ شىمالىدا ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغانلار ئەرەپ تىلىنى بىلىدىغانلاردىن خېلى كۆپ ئىدى... ئېھتىمال ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىش

ئۇزۇن جەريانلاردا شەكىللەنگەن ئادەت بولۇپ، ئۇز دەۋرىنىڭ رېئال ئەھۋالىغا ئاساسلانغانلىق ئەمەس ئىدى.»⑬ بارتولدنىڭ يۇقىرىقى سۆزلەر ئېيتىلغان ماقالىسىغا قارىغاندا، «〈قۇتادغۇبىلىك〉 تىن ئىبارەت بۇ قۇيۇق مۇسۇلمان روھىدىكى ئەسەرنى چىڭگىزخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىدىكى مۇئەللىملىرىدىن قوبۇل قىلغان»⑭ دېمەك، چىڭ- گىزخان «قۇتادغۇبىلىك» كە تەقلىد قىلىپ، «ياساق» (دەستۇر-قانۇن) تۈزدۈرگەن، ۋە بۇلاردا كۆپلىگەن ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن. يەنى موڭغۇللاردا «ئەرەب ۋە پارس ئەمەل ناملىرىدىن سىرت يەنە تۈركچە نام ۋە ئاتالغۇلارمۇ بار ئىدى. كېيىن موڭغۇللار ئۇيغۇرلاردىن ئەشۇ ئاتالغۇلارنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن»⑮ «موڭغۇل دۆلەتلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى جالائىر خانلىقىدا باخشى ۋە بىتىكچىلەر، ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن تۈركىي تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى يېزىپ چىققان ئاپتورلاردىن ئىدى»⑯ دېمەك، موڭغۇل دۆلەتلىرى، جۈملىدىن تۆمۈرىلەر ۋە ھىراتتا «قۇتادغۇ»، «بىلىك»، «باخشى»، «بىتىكچى» دېگەندەك قەدىمقى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار ناۋايى ۋە ئۇنىڭدىن خېلى كېيىنكى دەۋر- لەرگىچە ئىشلىتىلگەن.

ناۋايى «نەسائىمۇلمۇھەببەت-مىن شەمائىمولخۇتۇۋۋەت» (لۇتۇف مەرھەمەت خىسلەت- لىرىدىن مۇھەببەت خۇشپۇراقلىرى) دېگەن ئەسىرىدە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ كىم ۋە قانداق ئەدىپ ئىكەنلىكى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ، ھەم بۇ ئەسىرىدە ۋە ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئوغلى بەدىئۇززامانغا يازغان بىر قاتار خەتلىرىدە «ھىبەتۇلھەقايىق» تىن گۈزەل مىراسلارنى مىسال كەلتۈرىدۇ. (بۇ ھەقتە يۈسۈپ زىياشىرۋانىنىڭ «ناۋايى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ. «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى، 1948 - يىلى 6 - سان)

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن ناۋايى داستانلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئارىسىدا مۇناسىۋەت بارمۇ يوق؟ دېگەن سوئالنى تەبىئىي يوسۇندا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ... بۇ مەسىلىگە كەلگەندە ئاتاقلىق سوۋېت ئالىمى، پروفېسسور بېرتىلىسنىڭ پىكرى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئۇ ناۋايىنىڭ ئىجادىيىتىنى تەكشۈر- گەندە ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىۋاستە شىنجاڭغا باغلايدۇ. ئۇ- نىڭ پىكرىچە ناۋايى ئەسىرىدىكى «چىن» — شىنجاڭ ئىكەن. ئۇ: «ناۋايى پەر- ھادنى ئۆتمۈشداشلىرىغا يانداشقان ھالدا جۇڭگو بىلەن باغلايدۇ، لېكىن ناۋايىنىڭ تەسۋىرلىشىچە، ئۇ جۇڭگو — يىراق شەرق ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ مەسىلە كىشىگە ئۇ تەسۋىرلەۋاتقان جاي جۇڭگو ئەمەس، بەلكى جۇڭگو تۈركىستانى، ئۇنىڭ قەھرىمانى جۇڭگولۇق (خەنزۇ) — (نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ شەرقىي تۈرك- لەردىندۇر، (ئۇيغۇرلاردۇر) — (نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) دېگەن گۇماننى تۇغدۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلار جۇڭگو پادىشاھىنى خاقان دېمەي، 〈فەغفۇر〉 دەپ ئاتاي- دۇ»⑰ دەيدۇ بېرتىلىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «بىزنىڭ زامانىمىزغىچە ئەڭ مۇنەۋۋەر

قەدىمىي ئەدەبىي يادىكارلىق «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن بىزنىڭ شائىرىمىز ناۋايى خەۋەردارمۇ — قانداق؟ دېگەن مەسىلە بىزنىڭ پىكىر ئېيتىشىمىزغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. ناۋايىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن تونۇشالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ داستاننىڭ ئاساسلىق قول يازمىسى ھىراتتىن چىققان ئەمەسمۇ؟ بۇ پاكىت ئەلۋەتتە ناۋايى خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ توغرۇلۇق بىزدە ھېچقانداق ئېنىق ئېچىلمىدى، يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، ناۋايى ئەلۋەتتە قەھرىمانى ئىسكەندەرنىڭ ئارىستوتىل بىلەن قىلغان سۆھبىتى، مۇنازىرە شەكىللىرىدە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ شۇ ئاساسىي قىسمىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن ناۋايى نىزامىغا قارىغاندا يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ھەقىقەتمۇ يېقىنلىشىپ كېلىدۇ. مەن بۇنى ئېيتىش بىلەن ناۋايى مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا تەقلىد قىلغان ئىكەن، دېگەن خۇلاسىغا كەلمەكچى ئەمەسمەن، پەقەت بىز بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ترادىتسىيىنىڭ ئەنە شۇ يىراق «قۇتادغۇبىلىك»تىن كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىمەكچىمىز»[48] دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ.

تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، XV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا مەدەنىي ھەرىكەتنىڭ مەركىزى سەمەرقەندتىن ھىراتقا يۆتكەلگەندى. شاھرۇھ (1405 — 1448) تەختكە چىققاندىن كېيىن ھىراتنى پايتەخت قىلىپ تۇرغان ھەم ھىرات مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقارغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىرات سەمەرقەند بىلەن بىر قاتاردا ئىلىم ئەھلىلىرى توپلانغان مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، بىر مەزگىل ئاجايىپ گۈللەنگەن. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زىيالىيلار ئەرەب-ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن بارا-بارا ئومۇمغا ئىگە بولغان ئەرەب تىلىنى ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر ئەدەبىي تىلى دەپ ھېسابلىمايدىغان، ھەمدە پارسچە بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇيغۇر-خاقانىيە تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تىل — چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى قىلىپ قوللىنىدىغان گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەنىدى. چۈنكى بۇ يەردىكى ئەشۇ بىر قىسىم كىشىلەر سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىكى سادىقلىقىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولغانكى، ئۆز خەلقىنىڭ تىلىدىن ۋاز كەچمىگەن. نەتىجىدە خۇراساندىكى بەزى رايونلار، جۈملىدىن ھىراتتا ئەرەب تىلى ۋە پارس-تاجىك تىلى ئىلىم تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تولۇق غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن، بولۇپمۇ ئەرەب تىلى يېقىن شەرقتىكى كەڭ رايونلار ۋە ياۋروپادىكى بەزى جايلارغا ئوخشاش جانلىق تىل بولۇشى ۋە غەلىبە قازىنىشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمىغان. ھىراتنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات-سەنئىتى بالدۇرقىدەكلا ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ كەلگەن. بۇنداق ئەنئەنىنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدا ئۆز دەۋرىدىكى رېئال ئەھۋاللاردىن ئۇنۇملۈك ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارساق بولىدۇ، ئەينى چاغدا ھىرات ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ

يـۇرتلىرىدىكى خـەلقلـەرنىڭ ئـەنئەنىسى دەسلەپتە ئـەرەبلەشتۇرۇۋېتىلگـەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارسچىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئەمما، يەرلىك كىشلەرنىڭ بىرخىل پىسخىكىسىنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىش تەسكە چۈشكەن. XIV ئەسىردىن باشلاپ ھەرخىل مىللىي تەركىبلەردىكى ئـاھالىلاردىن قـايتا تـەشكىل تـاپقان ھىراتنىڭ يېڭى شـەھـەر سۇپىتىدە مەيدانغا چىقىشى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئـەمگەكچىلىرىنىڭ كـۆرۈنەرلىك رول ئوينىشىدىن ئايرىلمايدۇ. يۇقىرىقىدەك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ھىرات ۋە ئـۇنىڭ ئەتراپىدىكى كـۆپچىلىك زىيالىيلارنىڭ ئىلمىي ئىجا-دىيەت ئېلىپ بـارىدىغان بىردىن-بىر قـورال بـولۇش رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇيغۇرلارلا مـۇشۇ تىل يېزىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماستىن، باشقا خەلقلەرمۇ، ھەتتا، خاقانلىقنىڭ ئوردىلىرىدا، مەمۇرىيەت ئورۇنلىرىدا، خاقان-ۋەزىر، ئەمەلدار ۋە باشقا ئاقسۆڭەكلەرمۇ مۇشۇ تىل-يېزىقنى قوللانغان.

ناۋايى «مەجالىسۇن نەفائىس» دا ئۇيغۇر (تۈركىي) تىلدا شېئىر يازغان ھەرەمى، قـەلەندەر، مـۇقىمى، كـامالى، لەتىپى، پەلۋان ھۈسەيىن مـەۋلانە ھىلال، مىرسىيىد، مۇھەممەد ئىلى، مىرزا بەگ، ناۋايىنىڭ ئۇستازى بولغان، شۇ زامانىنىڭ ئـەڭ داڭلىق شائىرى ۋە ئـالىمى سىيىد ھـۈسەيىن ئەردەشىر، مـەۋلانە ئـاشىقى، شـەرفى، گـادايى قاتارلىقلارنى سانـاپ كۆرسىتىپ، شېئىرلىرىدىن ئۆرنەكلەر بېرىدۇ.

بـۇ چـاغدا ئـۇيغۇر ئـەدەبىي تىلىنىڭ تـۆمـۈرىلەر دەۋرىدىكى تـۈركىي خەلقلەر ئـەدەبىياتىغا بـولغان تەسىرىنى شـۇنىڭدىن ھـەم كۆرگىلى بـولىدۇكى، تـۆمۈرىلەرنىڭ دۆلەت ئـەربابلىرى ئـابابەكرى مىرزا، سـۇلتان خېلىل مىرزا، ئـەھمەد مىرزا، سـۇلتان ئەھمەد مىرزا، بـايقارا مىرزا، شـاھ غېرىپ قـاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئـۇيغۇر-تۈركىي تىلدا شېئىر يېزىشنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىمۇ تـۈركىي تىلدا شېئىر يازاتتى. نـاۋايى ئـەنـە شـۇ يـۇقىرىقى ئىسىملار زىكرى قىلىنغان ۋە ئـۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللار ئالغان «مەجالىسۇن نەفائىس» تە ھۈسەيىن بايقارا شېئىرلىرىغا مەخسۇس باب ئېچىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈپ، كـەڭ تونۇشتۇرىدۇ. ھۈسەيىن بايقارانىڭ تۈركىي-ئۇيغۇر تىلدا يېزىلغان «ھۈسەيىنى» تەخەللۇسلۇق شېئىرىي دىۋانى بارلىقى مەلۇمدۇر.

دېمەك، تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئـەدەبىي تىل-تـۈركىي تىلىنىڭ ئـۇيغۇر ئـەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىنى مـۇشۇ ساھەگە قىزىققان ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلغان مەسىلە. شۇڭا بۇنى ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىدۇق.

ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەسىرىمۇ يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئانداشقان ھالدا رول ئوينى-غان بـولۇپ، ھىراتتىكى كىشلەرنىڭ داۋاملىق ھەۋىسىنى قوزغاپ تـۇرغان. «تارىخىي خاتىرىلەردە تۆمۈرنىڭ ‹بارلىق ھەربىي پائالىيەتلەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەش توغرىسىدا باخشى (كاتىپ) لارغا بۇيرۇق بەرگەن› لىكى يېزىلغان. تۆمۈرىلەر

سۇلالىسى دەۋردە تۈركىي تىلدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان ئىسلام دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر بۇيرۇقنا بىنائەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قايتىدىن كۆچۈرۈلگەن»⑲ باشقا خەلقلەرنىڭ ئەسەرلىرى — «بەختىيارنامە»، «تەزكىرى ئەۋلىيا»، «مىراجنامە» قاتارلىقلار 1432 — 1437 - يىللىرى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن. 1432 - يىلى ھىراتنىڭ لەشكەر بېشى شاھرۇھ مىرزا ئۈچۈن ئۇيغۇر باخشىسى باقۇر مەنسۇر تۈركىي تىلدىكى شېئىرىي ھەم دىنىي ئەسەرلەر مەجمۇئەسىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈپ چىققان.

ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن ئەرەپشا مۇنداق دەپ يازغانىكەن:

«چاغاتاي ئادەملىرىدە (قەدىمكى) ئۇيغۇر يېزىقى دېگەن يەنە بىر خىل يېزىق بار. بۇ يېزىق موڭغۇللارنىڭ يېزىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممىگە مەلۇم... بۇ يېزىق بىلەن خىزمەتكە بەلگىلەش پەرمانلىرى، بۇيرۇقلار، خەت - ئالاقىلار، غەزەللەر، تارىخ، ھېكايە شۇنىڭدەك چىڭگىزخاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى يېزىلىدۇ. كىمكى بۇ يېزىقنى بىلسە، ئۇ خار بولمايدۇ...» (كىلاپروتنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشلەر» دېگەن ئەسىرى، 56 - بەت)⑳ ۋاھالەنكى، بۇ يەرلەر ھىراتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

دېمەك، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى سەيدۋاققاسوۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي» ناملىق كىتابىدا (56 - 57 - بەتلەر) كۆرسىتىلگەندەك: «قاراخانىلار، موڭغۇللار، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە خوراسان ۋە ماۋارائۇننەھرگە كېلىپ يىلتىز تارتىپ تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى XV - XVI ئەسىرلەردە مەزكۇر ئۆلكىلەرنىڭ دۆلەت ئىدارىلىرىدا ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىي ۋە ئەدەبىي ھاياتىغا پائال ئارىلاشقان»، بۇ دەۋر — ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالىدۇ.

## ئىزاھلار

① بۇ ھەقتە: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي»، 1983 - يىلى، ئالمۇتا، ئۇيغۇرچە نەشرى، 59 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

② تيەن ۋېيجاڭ: «شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ دوغلات قەبىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 - يىلى 1 - سان 176 - 177 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

③ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي»، 1983 - يىلى، ئالمۇتا ئۇيغۇرچە نەشرى، 55 - بەتكە قارالسۇن.

④ شېرىپىددىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، 2 - قىسمىغا قارالسۇن.

⑤ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي»، ئالمۇتا، ئۇيغۇرچە نەشرى. 57 - بەتكە قارالسۇن.

⑥ ئەھمەد قاباكلى: «تۈرك ئەدەبىياتى» ئىككىنچى تىم، 97 - بەت، تۈركچە نەشرى. ئۇنىڭدا «ناۋائىي ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن بولۇپ، ھىراتتا دۇنياغا كەلگەن» دېيىلگەن.

⑦ ئىززەت سۇلتان: «ناۋائىينىڭ قەلب دەپتەرلىرى»، 1973 - يىلى، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 28 - بەت، بۇ كىتابتا: «تارىخىي رەشىدە» دە ئەلشىر ناۋائىي ھىراتتا ئۇيغۇر باخشىسى غىياسىددىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دەپ يېزىلغان» دېيىلگەن.

⑧ شېرىپىددىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئوچېرىكلىرى» 2 - قىسمىغا قارالسۇن.

⑨ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى. 1986 - يىل 4 - سان، 54 - بەت.

⑩ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي»، 20 - بەتكە قارالسۇن.

(داۋامى 87 - بەتتە)

# لوپنۇر قوشاقچىلىقى توغرىسىدا

مۆيدىن سايىت

مەشھۇر «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي - ئوتتۇرا تارماق يولىدىكى كۆنچى دەريا ۋادىسىدا قەدىمىي گۈللەنگەن شەھەر كىرۇران ۋە ھازىرقى لوپنۇر مۇشۇ ئەسىر كىرگەندىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ تارىخ، ئارخېئولوگىيە ۋە جۇغراپىيە جەھەتتە مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ قالدى XIX ئەسىردىكى ئامېرىكىلىق مەشھۇر تارىخچى مورگان مۇنداق دېگەن ئىدى: «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدا كۆمۈكلۈكتۇر. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر.»① ئارخېئولوگ، تەتقىقاتچى خۇشەن: «بۇ يەر (كىروران پادىشاھلىقىنى دېمەكچى) كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى دېلتا بويىچە ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە مەركىزى بولۇشقا تېگىشلىك» دېسە، XIX ئەسىردىكى روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇغراپىيە ئالىمى پ، پ، سىمونوۋ 1854 - يىلى چوقان ۋەلىخانوۋغا يازغان بىر خېتىدە: «... ئۇيغۇرلار ماكانى شەرقشۇناسلىقتا ئەپسانىۋى بىر دۇنيادۇر»② دېگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن 6412 يىل ئىلگىرى دەپىن قىلىنغان ئىككى جەسەتنىڭ ۋە جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىگە دائىر يادىكارلىقلارنىڭ لوپنۇردىن تېپىلغانلىقى مەلۇم دەرىجىدە مورگان ۋە خۇشەنلەر ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

لوپنۇر - يالغۇز تارىخ، ئارخېئولوگىيە، جۇغراپىيە، جەھەتتىلا مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم نۇقتىلىق ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. تارىم ۋادىسىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ تارىخىي، ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەكلىماكان قۇملۇقى-

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 - يىلى 2 - سان «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا.»

② خۇشەن («كىروران شەھىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ مۇھىمىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 - يىل 11 - سان.)

③ ئېرپان توختىيوۋ «مىڭ ئۆيلەرنىڭ ئارخىتىكتورىسى ۋە سەنئىتى»، («شىنجاڭ سەنئىتى» 1986- يىل 1- سان.)

نىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بولسا، ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرى كىشىلەر ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتا.

مەن 1979 - يىلى 4 - ئاي، 1982 - يىلى 2 - ۋە 10 - ئايلاردا لوپنۇرغا خەلق قوشاقلىرىنى توپلاشقا بېرىپ، بىر يېرىم ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە بىر قىسىم يېزا كەنت، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 50 - 60 قا يېقىن خەلق قوشاقچىلىرى ۋە رىۋايەتچىلەرنى زىيارەت قىلىپ بىر قىسىم ماتېرىياللار توپلىدۇم. بۇ جەرياندا لوپنۇرنىڭ تارىخى، تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىملىرىنىڭ تارىختىكى سىرلىق ئۆزگىرىشلىرى، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئېتنىك ئادەتلىرى، ئۇرۇق - قەبىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆزگىرىشلىرى، تېخى سىستېمىلىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان «مەردىك»، «كېنىك» ۋە «ئابدال» شەھەر خارابىلىرى توغرىسىدا خىلمۇخىل، ئىنتايىن قىزىقارلىق رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدىم. بۇ ئاڭلىغانلىرىم زادى تارىخىي رېئاللىقمۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇلار ئۆز ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تېمىلىرى بولغاچقا، مەن پەقەت لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (ئاساسەن بېيىت - قوشاقلىرى) ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن ۋە بۇ بېيىت قوشاقلارنى توپلاش، رەتلەش جەريانىدىكى ئۆگىنىش تەسىراتلىرىمنى يۈزە بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1

تىلشۇناسلىقتا لوپنۇر دىئالېكتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسلىق ئۈچ دىئالېكتىنىڭ بىرى بولۇش بىلەن بىللە فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتلەردىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى ئامىللىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تا ھازىرغىچە ئۆزىدە ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن باشقا ئىككى دىئالېكتقا قارىغاندا تەتقىقات نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەر قايسى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىدا چوڭ ئۆزگىرىش پەرق يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە، گرامماتىك شەكىل جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن خېلى دەرىجىدە پەرقلىنىپ كەلدى، بۇ پەرقلەرنى قەدىمكى دەۋرلەردىن قالغان مەڭگۈ تاشلار ۋە قەدىمكى داستان «ئوغۇز نامە»، «چىشتانە ئىلىگ بەگ» ھەم «تۈركىي تىللار دىۋانى» «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى سۆزلەرنى ھازىرقى زامان تىلىمىز بىلەن سېلىشتۇرساق ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. بۇ يازما يادىكارلىقلار ساپ ئۇيغۇر تىلىدا بولۇشقا قارىماي ئىزاھات بېرىلمىسە، ئۇلارنى چۈشىنىش تەس، شۇنداقلا چاغاتاي دەۋرىدىكى تارىخىي يازما يادىكارلىق ۋە ئەدەبىي مىراسلارغىمۇ ئىزاھات بېرىلمىسە، تولۇق چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. دېمەك، بۇ، قەدىمكى، ئوتتۇرا ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھازىرقى

زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسى ئوتتۇرىسىدا زور ئۆزگىرىش ۋە پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا بولغان ئۆزگىرىشنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىسلامىيەت بىلەن تەڭلا ئەرەب، پارس تىللىرى تىلىمىزغا زور تۈركۈملەپ سىڭىپ كىرىپ، سان جەھەتتە زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئىستېمالىمىزدىن سىقىپ چىقىرىۋەتتى، ساپ ئۇيغۇرچە ئادەم ئىسىملىرىمۇ ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچە بولۇپ كەتتى، نەتىجىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىلا ئۆزگىرىش بولۇپ قالماي بەلكى گىراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. بۇ پەرقلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتى بىلەن قەشقەر دىئالېكتىدا، چوڭ بولسىمۇ، ئەمما لوپنۇر دىئالېكتىدا پەرق كۆچلۈك چۈشەنگۈسىز دەرىجىدە چوڭ ئەمەس.

مەسىلەن:

| لوپنۇردا | ھازىرقى تىلىمىزدا |
|---|---|
| غارغالتا | كېمە توختايدىغان جاي (پورت، پىرىستان) |
| ئەتۈك | ئۆتۈك |
| ئوتاچى | تىۋىپ |
| قوشۇق | قوشاق |
| ئىنە | ئانا |
| يىمەن | دەشت، چۆل |
| سىن | چىراي، يۈز |
| يىغاچ | دەرەخ |
| تونۇق | تونۇلغان، مەشھۇر، نامدار، نادىر |
| ئەرۋە | غۇنچە |
| ئۆزنەك | ئىنتىقام، قىساس |
| بۇزۇن | يىراق يەر، چەت دىيار |
| سال | ۋاقىت |
| گەنجە | يېڭى چىققان كۆك (ئوت) |
| ئىلە | سەۋەب قىلىش، داۋالاش |
| قارامتۇل | قارا نىيەت؛ قارام |
| ئىتىملىق | يارامىلىق |
| تىرەك | مىننەت |
| گىنە | ئاداۋەت، غەم |
| چانۇق | ئاچچىقلاش، ئېيىپلاش |

يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ زور بىر قىسمى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەنا — ئىزاھاتلىرى بىلەن كۆرسىتىلگەن سۆزلۈكلەر بولۇپ، لوپنۇردا ھازىرمۇ شۇ مەنىسى بويىچە ئىستېمال قىلىنماقتا. لوپنۇر دىئالېكتىدىكى زور بىر تۈركۈم سۆزلۈكلەر «دىۋان» دىكىگە ئوخشاش

بولۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن سۆزلەر ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئەسەرلەر ۋە مەڭگۈ تاشلاردىكى سۆزلەرگىمۇ ئوخشايدۇ.

دەرەخنى لوپنۇردا يىغاچ دەيدۇ. «ئوغۇزنامە» داستانىدىمۇ يىغاچ دېيىلگەن. چاچنى لوپنۇردا ساچ دەيدۇ، «ئالتۇن يارۇق»، «ئوغۇز نامە» ۋە «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دىمۇ ساچ دېيىلگەن. «يورۇق، ئورۇق، ئۇزۇق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ 1 - بوغۇمىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش لەۋلەشمىگەن سوزۇق «ئا» تاۋۇشىدا تەلەپپۇز قىلىنىپ، «يارۇق، ئارۇق ئازۇق» دەپ ئېيتىلىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇق» ۋە «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دىكىلىرى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش. «دىكى» قوشۇمچىسى لوپنۇر دىئالېكتىدا «داقى» دەپ ئېيتىلىدۇ. بۇ، «دىۋان» دىكىگە ئوخشاش بولۇپ قالماي، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دىمۇ «داقى» دەپ يېزىلغان، كۆزنىڭ قارچۇقىنى لوپنۇردا «قاراق» دەيدۇ. «چىشتانى ئىلىگ بەگ» داستانىدىمۇ «قاراق» دېيىلگەن، توخۇنى لوپنۇردا «تاقۇ» دەيدۇ، بۇ ئاتالغۇ «دىۋان» دا «تاقاغۇ» دەپ ئاتالغان بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر ھۆججەتتە تاقىغۇ دەپ يېزىلغان. لوپنۇر قوشاقلىرى ئىچىدە «قاناتاك» دېگەن سۆز بار. بۇ سۆزنىڭ دەل مەنىسى ھازىرچە تولۇق بىلىنمىگەن بولسىمۇ، ئايرىم ياشانغان كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزگە بەرگەن تەبىرى «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دىكىدىن يىراقلاپ كەتمەيدۇ، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» دە «قاك» - «دادا» دېيىلگەن، ۋاھالەنكى، «قاناقاك» دېگەن سۆزنى لوپنۇرلۇقلار چوڭ دادا، بوۋا، ئۇلۇغ زات (بۈزرۈكۋار) مەنىسىدە قوللىنىدۇ، يەنە ئالايلۇق: «ماختىدى، ئالقىشلىدى، مەدھىيىلىدى» دېگەن سۆزلەرنى لوپنۇرلۇقلار «ئالقادى» دەيدۇ. بۇ سۆز «ئوغۇز نامە» دىمۇ ئۇچرايدۇ (مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» نىڭ ئىزاھ بابىدا بولۇپ، داستانى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىمىزدا ئىزاھلىغۇچىلار خاتا ھالدا بۇ سۆزنى «تىللىدى» دەپ ئىزاھلىغان).

تۆۋەندە يەنە «دىۋان» ۋە «قۇتادغۇبىلىگ» بىلەن لوپنۇر دىئالېكتىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئوخشاشلىقىنى كۆرەيلى:

«كۆركلۈك تونۇغ ئۆزۈڭگە، تاتلىخ ئاسىخ ئازىنقا،
ئۇتىخىل قوتۇق ئاغىرلىق يازسۇن چاۋىڭ بۇزۇنقا»
(كۆركەم تونىنى ئۆزەڭگە، تاتلىق ئاشنى ئۆزگىگە (قالدۇر)،
مېھماننى ئىززەتلە، داڭقىڭنى ئەلگە يايسۇن،

- «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 65 - بەت.

«يەر باسرۇقى تاغ، بۇزۇن باسرۇقى بەگ»
(يەر سالىقى تاغ، يۇرت سالىقى بەگ)،

— تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 609 - بەت.

لوپنۇر قوشاقلىرىدا:

مەن قويۇمنى ھايداپ ماڭدىم بۈزۈنقا،
ناخشا ئېيتسام ئۈنۈم كېتەر ئۈزۈنقا،

لوپنۇردا «ياڭشايدۇ» دېگەن سۆز بار. ئۇ «تىللاش، قاغاش، بىلجىرلاش» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ

«بىر ئول ياڭشار ئەسەر كېرەكسىز سۆزۈگ.»
(بىرى، كېرەكسىز سۆزنى كۆپ بىلجىراش.)

— «قۇتادغۇبىلىگ»

لوپنۇر قوشاقلىرىغا ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئادەم ئىسىملىرىگە دىققەت قىلىدىغان بولسا، قاڭسۇق، قۇشۇق، بۈزرۇق، تىلىۋالدى، سېتىۋالدى، بۇللا، مۇتەل، توي بولدى ... دېگەنگە ئوخشاش ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملارنىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز.

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى لوپنۇر دىئالېكتى، جۈملىدىن لوپنۇر قوشاقلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىگ» دىكى بەزى سۆزلەرنى ئىزاھلاش، سېلىشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمكى يازما مىراسلىرىمىزدىكى سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاش، سېلىشتۇرۇش، چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىمۇ بەلگىلىك مۇھىم رولى بار.

نېمە ئۈچۈن قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئامىللىرى باشقا ئىككى دىئالېكتقا قارىغاندا لوپنۇر دىئالېكتىدا كۆپرەك ساقلىنىپ قالغان؟

مېنىڭچە بۇنىڭ مۇنداق ئىككى ئاساسىي سەۋەبى بار:

بىرىنچى، تارىختا تارىم ۋادىسىدا ئۈزلۈكسىز بولۇپ ئۆتكەن جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشلەر: دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشى، قۇملارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ تۇرۇشى: ئېتىز - ئېرىق، باغ - باراڭ، يايلاقلارنىڭ قۇم ئاستىدا قېلىشى، ئۆلارنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىگە ئوخشاش سەۋەبلەردىن لوپنۇرلۇقلارنىڭ ياشاش شارائىتىدا ئۆزگىچە ۋە ئالاھىدىلىك كېلىپ چىققان.

خەلق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىن غالىپ كېلىدىغان بۈگۈنكىدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولمىغان زامانلاردا بوران ۋە قۇم ئاپىتى تارىم ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنىڭ ئېقىش يولىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ بۇ رايوننى خاراپلىققا يۈزلەندۈرگەن. نەتىجىدە بۇ يەردە ياشىغۇچى ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى ھاياتلىق ئۈچۈن غەربكە كۆچۈپ نىيە، كىرىيە تەرەپكە كەتكەن بولسا، يەنە بىر قىسمى شۇ دەريا ۋە ئوتلاق قوغلىشىپ شىمالغا يەنى تارىمنىڭ چوڭ بىر تارمىقى بولغان ئۇپقان دەرياسى ئەتراپىغا جايلاشقان. بوران. قۇم ئاپىتى يەنە ئۇپقان دەرياسىنىمۇ ئۆز يولى-

دىن ئۆزگەرتىپ، ئادەملەرگە داۋاملىق تەھلىكە سالغان، كىشىلەر يەنە سۇ - دەريا، ئوزۇقلۇق قوغلىشىپ تارىم ۋادىسىنىڭ لوپنۇر رايونىغا داۋاملىق ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھازىرقى ئۇگەن ۋە كونا چايان دەرياسى بويلىرىغا كېلىپ ماكانلاشقان. لوپنۇرلۇقلارنىڭ بوۋىلىرىدىن قالغان «قاغۇن سۆدۈك، ئاشلىق بەدگوپا، بوز تارىمنى ياقملا»، «بالىق چۇلۇق (كۆپ - مول) قوساق توق»، دېگەن ماقاللاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، قۇم بارخانلىرىنى بۇ رايونلارنىڭ ئۇچۇرۇشىدىن ئېكىنزارلىقلارنى كۆمۈپ تاشلاپ، دېھقانچىلىققا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن، ھوسۇلسىز قالغان دېھقانچىلىقتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، تىرىكچىلىكىنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىنى چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىغا باغلىغان، بېلىق، ياۋايى ھايۋان، يېكەن، ئوجۇر (يېكەن يىلتىزى)، ئۇچۇل (يېكەن پۆپۈكى) ۋە جىگدە مېۋىلىرى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى بولۇپ قالغان، لوپنۇرلۇقلار تىرىكچىلىكىنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان يۇقىرىقىدەك ئوزۇقلۇق ئىزلەپ سۇ - دەريا، كۆل بويلىرىغا ئورۇنلاشقان، كۆچۈپ كەلگۈچىلەر كۆپەيگەنسېرى بىر ئائىلە بىر كىچىك كۆل ۋە چۆل (كەلكۈن سۇ توختاپ قالغان چوڭ - چوڭ شاخاپلار) نى ئىگىلەپ ئولتۇرغان ئېيتىشلارغا قارىغاندا كېيىنچە بۇمۇ جىددىيلىشىپ بىر مەزگىل كۆل (سۇ) بەگلىكى تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن.

1850 - يىللاردا دۇرال (تىكەنلىك) دا ناھىيە تەسىس قىلىنغان ھەتتا ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ كىشىلەر يەنىلا بۇرۇنقىدەك دەريا، كۆل بويلىرىدا چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت ئەسلىدىكى تىرىكچىلىك شەكلىنى ساقلاپ قىلىۋەرگەن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتە ھەر بىر ئائىلە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىگەن. بۇنى لوپنۇر رايونىنىڭ تارىختىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى بەلگىلىگەن. بىر ئائىلە بىلەن يەنە بىر ئائىلە، ئۇ مەھەللە - رايون بىلەن بۇ مەھەللە - رايون ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ماددىي ئالماشتۇرۇشنىڭ سالمىقى ئىنتايىن ئاز بولغان يەردە، چەت رايونلار بىلەن بولىدىغان باردى - كەلدى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئاساسەن يوق، دېيىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

تىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ تىلنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىمۇ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتقا باغلىق، تارىختا لوپنۇرلۇقلارغا چەت جايلارنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، لوپنۇر دىئالېكتىدىكى خېلى زور بىر قىسىم سۆزلەر قەدىمكى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىۋەرگەن، ئۆزگىرىش ئانچە چوڭ بولمىغان، يەنە بىر قىسىم سۆزلەردە مورفولوگىيىلىك ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، بىر ئوقۇپلا ئەسلىسىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەب، لوپنۇر رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى باشقا جايلاردىن كېيىنرەك بولغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرى خوجا ساقى (يەنە بەزىلەر

خوجا ئەرشىدىنمۇ دەيدۇ)، ۋەلىيۇللا دېگەن ئىككى كىشى ئوپقان دەرياسى بويلىرىغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. (ئۇ ئىككىسىنىڭ كەلگەن جايى، ۋاقتى ۋە تارىخى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق) لۇپنۇرلۇقلار ئىنتايىن تارقاق ئورۇنلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىدا دىن تارقىتىش، ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئىش كۆرۈش، قىيىن بولغان. مەدرىس - مەكتەپلەرمۇ بولمىغان. مانا شۇ سەۋەبلەردىن لوپنۇر دىئالېكتىدا ئەرەب، پارس سۆزلىرىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئاز بولغان. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ قويغۇم كېلىدۇ: بەزى يولداشلار لوپنۇر قوشاقلىرىنى رەتلەپ ئېلان قىلغاندا ئۇ قوشاقلار ئىچىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەي، غەلىتە، قوپال ھېس قىلىپ، بەزى سۆزلەرنى چىقىرىۋېتىپ ئورنىغا «گىريان، چەشمە، رۇخسار، مىژگان» دېگەنگە ئوخشاش، لوپنۇر دىئالېكتىدا زادىلا بولمىغان پارسچە سۆزلەرنى قوشۇپ قويغان بۇ توغرىلىق تەپسىلى توختالمايمىز.

2

لوپنۇر كۆي - قوشاق يۇرتى، لوپنۇر خەلقى قوشاقچى خەلق. لوپنۇر خەلقىنىڭ توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپ، ئولتۇرۇشلىرىغا بولۇپمۇ ئۆزئارا ئېيتىشىشلىرىغا قاتناشقان ھەرقانداق كىشى بۇ قوشاق - بېيىتلىرىنىڭ شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە توقۇلغانلىقىغا، توغرا ۋە راۋانلىقىغا، تىلىنىڭ چىرايلىق ۋە ئوبرازلىقلىقىغا، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقىغا ھەيران قالىدۇ ۋە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھەقىقەتەن قوشاقچى خەلق ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ. قېرى - ياش ئەر - ئاياللارنىڭ بىرەر بېيىت، قوشاق بىلمەيدىغىنى يوق. بىرى بىلگەن قوشاقنى شۇ ئائىلىدىكى ھەممە كىشى بىلىدۇ، بەلكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قوشۇپ، ئېيتىپ بارىدۇ. خەلق ئارىسىدا «بېيىت - قوشاق بىلمىگەن كىشى تارىملىق ئەمەس» دېگەن سۆزمۇ بار.

قوشاقچىلىق نېمە ئۈچۈن لوپنۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا شۇ قەدەر چوڭقۇر سىڭىپ ئومۇملاشقان؟

يۇقىرىدىكىدەك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر سەۋەبىدىن ئۇزاق تارىختىن بۇيان تارقاق ھالەتتە ياشاپ كەلگەن لوپنۇر خەلقىدە پات - پات بىر يەرگە جەم بولۇپ سورۇن تۈزۈپ كۆڭۈل ئېچىش شارائىتى بولمىغان. شۇڭا يالغۇزلۇق زېرىكىشلىك ھېس قىلدۇرماسلىق، قاتتىق ئىشلەپ چارچىغاندا ھاردۇقنى چىقىرىش، يول ئۇزاقلىقىنىڭ ئازابىنى سەزمەسلىك، بىر - بىرىگە ئىشىق - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش، ئېزىش ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى قەھر - غەزىپىنى، دەرت - ھەسرىتىنى ئىپادىلەشتە قوشاق ئۇلارنىڭ بىردىن - بىر ھەمرىيى ۋە قورالى بولۇپ قالغان.

ئۇ ئائىلە بىلەن بۇ ئائىلە، ئۇ مەھەللە بىلەن بۇ مەھەللە ياكى ئۇ ئۇرۇق بىلەن بۇ ئۇرۇق - جەمەت كىشىلىرى بىر يەرگە

جەم بولغان چاغلىرىدا ئۆزئارا بېيىت-قوشاق ئېيتىشىپ بەسلەشكەن ۋە كۆڭۈل ئېچىشقان، كۆپ ھاللاردا بۇنداق ئېيتىشىش كۆڭۈل ئېچىش ئاساسىدا بولسىمۇ، بەزىدە يەڭگەن يېڭىلگەنلەر ئارىسىدا بىرەر نەرسىنى تىكىپ قوشاق ئېيتىشىدىغان ئىشلارمۇ بار. بۇنداق ئېيتىشىشتا ئېيتىلغان بېيىت-قوشاق مەيلى ئادەمگە ياكى باشقا نەرسىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلسۇن، شۇ ۋاقىتتا، ئورۇن، شۇ مۇھىتقا دەل كېلىشى شەرت قىلىنىپ جاۋابىنى تېز قايتۇرالمىسا (قوشاق بىلەن) ئۇتتۇزغانلىق ھېسابلانغان. ئۇتتۇش-ئۇتتۇزۇش بىرەر شەخسنىڭ ئىشى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ كىشىگە مەنسۇپ بولغان ئائىلە، ئۇرۇق-جەمەت يۇرت-قەبىلىگە تاقالغان. شۇڭا ھەممە كىشى بېيىت-قوشاق يادلاش، بېيىت-قوشاق توقۇشقىمۇ تىرىشقان. مەھەللە بىلەن مەھەللە، ئۇرۇق جەمەت بىلەن ئۇرۇق جەمەتنىڭ بەگ ئاقساقاللىرى بىر-بىرىنى مات قىلىش غەرىزىدە ئىككى تەرەپ يىغىلىشىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپ ئۆز ئىچىدىن داڭدار (تۇنۇق) قوشاقچىلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قوشاق ئېيتقۇزىدىغان ئىشلار پات-پات بولۇپ تۇرغان. بۇنداق سورۇندا توقۇلغان قوشاقلار ھەج-ۋىي خاراكتېردە بولۇپ، ئاساسەن قارشى تەرەپنى سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان، قانچە قاتتىق سۆكسە، ئۆز تەۋەسىدىن شۇنچە ھۆرمەتكە ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، شۇنداقلا بۇنداق ئېيتىشىش سورۇنى قوشاقچىلار ئۈچۈن ئۆز ماھارىتىنى نامايەن قىلىپ نامىنى چىقىرىشىنىڭمۇ ئوبدان پۇرسىتى بولغاچقا، ئۇلار قوشاقنى ئۆتكۈر يومۇرلۇق-ھەجۋىي تىللار بىلەن تېز، راۋان ۋە سىستېمىلىق، دەل قىلىپ ئېيتىشقا تىرىشقان، بۇنداق سو-رۇنلاردا توقۇلغان قوشاقلارنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى يادلىۋېلىپ تېخىمۇ كېڭەيتكەن ۋە ئېيتقان.

چارىلىق دېگەن مەھەللىلىك بىر قوشاقچىنىڭ كۆزلەك دېگەن يەرلىك بىر قو-شاقچىغا قارىتىپ توقۇغان قوشاقلىرىدىن ئىككى كۇپلېتى مۇنداق:

قوشقۇنۇڭنى ئابدۇللامدىن ئاڭلادىم،
ساقالىمغا ئاق كىرسەما يانمادىم.
ئاتاڭلاردىن سىلەرگە مىراس قالغان،
قارۇنا① نى مەن يارامغا② تاڭمادىم.

ئۆلۈپ قالغان قارۇنانى تاڭمادىم تازغا،
قەرەلىمنى قويدۇم مەن كېلەر يازغا.
ئۇلۇغ كۆلنى قوشقۇنۇڭ يېتەر ئىدى،
چارالارنى قوشۇپسەن قانماي ئازغا.

① قارۇنا — بىر خىل قۇش بولۇپ، گۆشى ئىنتايىن ئاچچىق.

② كۆزلەكلىك قوشاقچىنىڭ بېشى تاز بولۇپ، بۇ يەردە: مەن تېزىڭنى ساقايتماي گۆشى ئاچچىق قارۇنانىمۇ بې-شىڭغا تاڭدىڭ، دېمەكچى بولىدۇ.

ھەتتا بەگ - ئاقساقاللارغا ئۆزىنىڭ ئەرز - ھالىنى قوشاق بىلەن ئىپادىلىگەن.
ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن:

مەندۇرمەن ئۆزۈن مەمەت،
شاڭيۇ بەگكە ئەرزىم بار.
ئوتتۇز تەڭگە سورايمەن،
ئاتمىش تەڭگە قەرزىم بار.

لوپنۇر قوشاقلىرى مەزمۇنى، شەكلى، ستىلىستىك ۋە ئىپادىلەش ۋاستىلىرى جەھەتتە شۇنداقلا تىل قۇرۇلۇشى ۋە ئىبارىلەردىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئارىلاشلىقى، ئايرىم سۆزلەرنىڭ قەدىمكى تىلىمىزغا يېقىنلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىز ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى دېگىنىمىزدە، ئادەتتە يەتتە بوغۇم تۆت مىسرالىق شەكىلدىكى قوشاقلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. دەرۋەقە، كۆپ بوغۇملۇق قوشاقلارمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما، بۇ شەكىلدىكى قوشاقلار ئاساسەن خەلق داستانلىرىدا بولۇپ، يەتتە بوغۇملۇق قوشاقلاردەك ئۇنداق كەڭ ئومۇملاشمىغان. يەتتە بوغۇملۇق قوشاق ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىقىدا ئاساسىي شەكىل بولۇپ، ھەم ئومۇملاشقان ھەم مىسرا بوغۇم سانى ۋە قاپىيە تۈزىلىشى جەھەتتىمۇ مۇقىم تۇراقلىققا ئىگە. لېكىن لوپنۇر قوشاقلىرى شەكىل جەھەتتە خىلمۇخىل بولۇپ، تۆت مىسرالىقمۇ، بەش، ئالتە مىسرالىقمۇ، يەتتە مىسرالىقمۇ، ھەتتا ئون نەچچە مىسرالىقمۇ بار. بوغۇم جەھەتتىن بەش بوغۇملۇقىمۇ، يەتتە بوغۇم، ئالتە مىسرالىق ۋە كۆپ بوغۇم تۆت مىسرالىق قوشاقلار لوپنۇر قوشاقلىرى ئىچىدىكى ئومۇملاشقان شەكىل بولۇپ، ئاساسىي ئورۇننى تۇتىدۇ، بەش، ئالتە مىسرالىق ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مىسرالىق قوشاقلار لوپنۇرلۇقلار ئادەتتە «قارا - قوشۇنلۇق قوشىقى» دەپ ئاتايدىغان قوشاقلارنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، لوپنۇر قوشاقلىرى ئىچىدە تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن، كونا قوشاق شەكلىدۇر. (بۇ توغرىلىق ئايرىم توختىلىمىز).

لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ قاپىيە تۈزۈلىشى ئاساسەن يەتتە بوغۇم تۆت ۋە ئالتە مىسرا شەكلىدە بولۇپ، ئالدىنقى ئۈچ مىسراسى بىر خىل قاپىيىدە، تۆتىنچى مىسراسى ئالدىنقى ياكى كېيىنكى كۇپلېتنىڭ تۆتىنچى مىسراسى بىلەن قاپىيىلىنىپ كېلىدىغان شەكلىمۇ بار: مەسىلەن:

بىر گە كەتمەي ئايرىلغان،
ئۇلاڭ قاناتى قايرىلغان.
دەرت - ئەلەمنى يار قىلغان،
جۇدالىقىم ياخشى قال.

زىل كۆڭلۈڭنى خار قىلما،
كەڭ كۆكسۈڭنى تار قىلما.
باشقىلارنى يار قىلما،
جۈپتىڭگارىم ياخشى قال.

تۆت مىسرالىق كۆپ بوغۇملۇق قوشاقلار قاپىيە جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك «ئائاب ئا» تۈزۈلۈشتە بولىدۇ. رىتىم، تۇراق - گۇرۇپپىلىقى روشەن، ئىزچىل، بۇ شەكىلدىكى قوشاقلاردىن 11 بوغۇملۇقى 4 + 4+3، 4 + 3 + 4، 6 + 3 + 3 ياكى 6 + 5 شەكلىدە بولۇپ، تۆت خىل (ئاساسەن ئالدىنقى ئۈچ خىل) تۈزۈلۈشتە بولىدۇ.

لوپنۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا قوشاقتىن باشقا يەنە بېيىتمۇ مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. ئۇ قوشاقچىلىققا ئوخشاشلا ئومۇملاشقان. لوپنۇر بېيىتلىرى ئاساسەن ئىككى مىسرالىق، كۆپ مىسرالىق بولۇپ، شەكىل - تۈرى كۆپ، تىل - ئىبارىسى چىرايلىق، يىنىك، راۋان ئوبرازلىق، پىكىر - مەزمۇنى روشەن.

لوپنۇر قوشاق، بېيىتلىرى ئىچىدە يەنە شۇنداق بىر خىل تۈزۈلۈشتىكىسى باركى، شەكىل جەھەتتە بىز ئادەتتە چاچما شېئىر دەپ ئاتاۋاتقان شېئىر شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەسىلەن: قارا ئۆرۈك ماغزىنى جوپلاپ ساقلادىم،
مەن يارىمنىڭ سالامىنى گۈلدەك ساقلادىم.
ساقلاسامما ساقلىغاندىمەن،
نومۇس ساقلادىم.
تالاي يىگىت سۆز قاتتى،
ھەرگىز باقمادىم.
باقساممامەن ئەل كۆزىچە باققاندىمەن،
ماغىز بەرسە كۆڭلى ئۈچۈن چاققاندىمەن.
ئىشىنەمسەن، ئىشەنمەمسەن
جانانلىقىم قارا كۆز،
چىن گەپىمنى ساڭا ئايتتىم،
باشقىلارغا قۇرۇق سۆز.

لوپنۇر قوشاق - بېيىتلىرى ئىچىدىكى بۇ شەكىلدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، شېئىرىيىتىمىزدىكى «ئەركىن شېئىر» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان شەكىل ئەسلىدە خەلق ئىچىدە بار ئىدى. ئۇنى قانداقتۇر بىرەر شائىرنىڭ ئىجادىيىتى، دەپ تونۇپ بىرەر شەخسكە مەنسۇپ قىلىۋېتىش توغرا بولمىسا كېرەك.

لوپنۇر قوشاقلىرى ئىچىدە ئادەتتىكى قوشاقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان

يەنە بىر تۈركۈم قوشاقلار باركى ئۇ لوپنۇرلۇقلار تىلىدا «قارا قوشۇنلۇق قوشىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. هازىرغىچە توپلانغان «قارا قوشۇنلۇق قوشىقى» تۆت خىل شۈتۈقتا (سۈتۈق كۈي، ئاهاڭ مەنىسىدە) بولۇپ، هەر بىر سۈتۈق قوشاقنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بار.

بىرىنچى خىل سۈتۈقتىكى قوشاق سەككىز كۇپلېت 107 مىسرا بولۇپ، كۇپلېتلاردىكى مىسرا سانىمۇ ئوخشاش ئەمەس، بۇ قوشاقنىڭ مىسرا سانى باشقا ھەرقانداق قوشاقنىڭ مىسرا سانىدىن كۆپ، ئەڭ ئازى سەككىز مىسرالىق، ئەڭ كۆپى 19 مىسرالىق بولىدۇ. پەقەت ئۈچ كۇپلېتىلا 11 مىسرادىن تۈزۈلگەن. قالغان بەش كۇپلېتى ئوخشاشمايدىغان ساندىكى مىسرالار گۇرۇپپىسىدىن تۈزۈلگەن. بۇ قىسمىدىكى قوشاقلار قالغان ئۈچ قىسمىدىكى قوشاقلاردىن بولۇپمۇ لوپنۇرنىڭ ئادەتتىكى قوشاقلىرىدىن تۇراق ۋە قاپىيىلىنىشتە مۇقىم بىرلىكنىڭ يوقلۇقى بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئۈچىنچى كۇپلېتتىن مىسال كەلتۈرەيلى: (بۇ كۇپلېت 18 مىسرا)

ئۇ، چۇلۇقۇ ئۇرۇغۇ،
خۇدايىمنى بۇيرۇغۇ،
يەلپۈنگەن قارا ساچى،
ئايغىر ئاتتى قۇيرۇغۇ،

قويۇلۇشادۇ ساچى،
قوينۇدا چۆلمەك① ياشى.
ئاغى② سالامى بىلەن
بىزگە كەلىپتۇ خاتى.

ئىككىنچى خىل سۈتۈقتىكى قوشاق 19 كۇپلېت بولۇپ، مىسرا سانى ۋە قاپىيىلىنىش جەھەتتە لوپنۇرنىڭ ئادەتتىكى ئالتە مىسرالىق قوشاقلىرىغا ئوخشىسىمۇ، تۇراققا بۆلۈنۈشتىكى، بوغۇملىرىنىڭ ئاز - كۆپلىكىدىكى مۇقىمسىزلىقى بىلەن يەنە پەرقلىنىدۇ. ئاساسەن يەتتە بوغۇملۇق بولسىمۇ، سەككىز، توققۇز بوغۇملۇق مىسرالارمۇ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن (بەشىنچى، توققۇزىنچى كۇپلېتى):

كۆيۈپ كېتەدۇ باغرىم،
تا قىيامەت ئۆلگىچە.
ساقالىمغا ئاق چالدى،
بەدگۇيانى كۆرگىچە.

---

① چۆلمەك - توگوچ، غۇژمەك ② ئاغى - تەسەللى

ساقايمايدۇ ئاغرىقىم،
گۈل مەگزىڭنى سۆيگۈچە.

چىرايىڭ ئالتۇن شىشە،
كۈندە يارۇر شام چىراي.
شام بولۇپ كۆيدى يۈرەك،
ئوتلارىڭغا پايلاماي.
ئىچىم تولدى دەرت بىلەن،
ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟

ئۈچىنچى خىل سۈتتۈقتىكى قوشاق 16 كۇپلېت بولۇپ، بەش مىسرالىق، بۇمۇ ئالدىنقى ئىككى خىل سۈتتۈقتىكى قوشاققا ئوخشاش ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئۆزىگە خاس بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، بۇ خىل قوشاقنىڭ ھەر بىر كۇپلېتنىڭ بەشىنچى مىسراسى ئالدىنقى تۆت مىسرا بىلەن قاپىيىنىشتە ھېچقانداق مۇناسىۋەتسىز ھالدا شۇ كۇپلېتتىكى پىكىر - مەزمۇننىڭ قىسمەن خۇلاسىسى تەرىقىسىدە كېلىدۇ (تەسادىپى قاپىيىلىنىپ قالىدىغان مىسرالىرىمۇ ئۇچرايدۇ).
مەسىلەن: (بىرىنچى، ئىككىنچى كۇپلېتى)

مۇس① ئاستىدا كۈن پاتىپ،
دۇنيەڭگە كەلدىم ئۇخلاماي.
ئىچىمدەكى ئارمانىم،
ماختاي ئاتىڭنى توختاماي.
يار كۆزۈڭ خۇمار ئىدى،

يار كۆزۈڭ خۇمار ئىدى،
بويىنۇڭدىكى تۇمار ئىدى.
بولتۇرقى ئابدالدىقى،
شۇ قىيامەت دۇنيا ئىدى.
چىرايىڭ بۆلەك چۇسۇن.

تۆتىنچى خىل سۈتتۈقتىكى قوشاق تۆت مىسرا يەتتە، سەككىز بوغۇملۇق بولۇپ، ئارىلاپ بەش مىسرا، ئالتە مىسرالىق كۇپلېتلىرىمۇ بار. بۇ سۈتتۈقتىكى قوشاقلارنى

---

① مۇس - مۇز

ئالدىنقى سۈتتۈقتىكى ھەم ئادەتتىكى لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ تەسىرىدە يېقىنقى زامانلاردا توقۇلغان، دېيىشكە بولىدۇ.

«قارا قوشۇنلۇق قوشىقى» نىڭ ئالدىنقى ئۈچ خىل سۈتتۈقتىكىسى بىر - بىرىدىن خاسلىقى بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، ئورتاقلىقى شۇكى، بىرىنچى، مەزمۇن جەھەتتىن داستان خاراكتېرىگە ئىگە، ئىككىنچى ئالدىنقى كوپلېتنىڭ ئاخىرقى مىسراسى كېيىنكى كۇپلېتنىڭ بىرىنچى مىسراسى بولۇپ تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. بۇنداق تەكرارلىق بىر يۈرۈش قوشاقتىكى ئومۇمىي مەزمۇننى ئىزچىل ئىپادىلەشتە، بىر كۇپلېت بىلەن يەنە بىر كۇپلېتىنى بىر - بىرىگە باغلاپ كىرىشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل خۇسۇسىيەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم رولى شۇكى، بۇ قوشاقلارنى يېغىپ رەتلەش سىستېمىسلاشتۇرۇشتا كۆپ ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ، «قارا قوشۇنلۇق قوشىقى» دىكى بۇ خۇسۇسىيەت باشقا خىلدىكى ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا توقۇلغان يېڭى قوشاقلارغىمۇ تەسىر قىلىپ سىڭگەن.

«قارا قوشۇنلۇق قوشىقى» نىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى خىل سۈتتۈقتىكىلىرى لوپنۇردىكى ئۇرۇق، قەبىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي بىر قەدەر ئۇزۇنراق قوشاقلار بولۇپ، نۇرغۇن رىۋايەتلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. كۆي مېلودىيىسى جەھەتتىمۇ بەك قەدىمكىلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ قوشاقلار ئۈستىدە ھازىرغىچە سىستېمىلىق ئىزدىنىش، يىغىش رەتلەپ ۋە تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلمىدى، مەن بۇ ماقالەمدە لوپنۇردىكى بەزى قوشاقلار ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنىلا ئېيتىپ ئۆتتۈم.

كەلگۈسىدە لوپنۇردىكى قەبىلە - ئۇرۇقلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «داستان» خاراكتېرىدىكى قوشاقلار ھەققىدە ئىزدەنمەكچىمەن.

---

(بېشى 74 - بەتتە)

⑪ بارتولد: «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى»، «چاغاتاي دۆلىتى پارچىلىنىشقا قەدەر موڭغۇللار» بابىغا قارالسۇن، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑫ «شەجەرەئى تۈرك» كە قارالسۇن

⑬ ⑭ ۋ. ۋ. بارتولد: «ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ موڭغۇللارغا تەسىرى» («بارتولد ئەسەرلىرى»، 1968 - يىلى، موسكۋا، پەن نەشرىياتى، رۇسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمىسى) (شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1885 - يىلى، 1 - سان، 48 -بەت.)

⑮ ⑯ بارتولدنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىگە قارالسۇن «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى، 1 - سان، 47 -، 48 - بەتلەر خەنزۇچە.

⑰ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي» 60 - بەتكە نەقىل.

⑱ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي» 60 — 61 — بەتلەرگە كەلتۈرگەن نەقىل (ئەسلى نەقىل رۇسچە ئېلىنغان بۇنىڭدا شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ تەرجىمىسىگە مۇراجىئەت قىلىندى.)

⑲ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، 1 - قىسىم، 5 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 1983،

⑳ گىلىڭ شىمىن شۇ كىتاب، 5 - بەت.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن شامان دىنىغا بىر نەزەر

ئابدۇكېرىم رەھمان

بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ناملىق ئەسىرى يالغۇز ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي سېلىشتۇرما لۇغەت كىتابى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي-مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت-سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى-ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، دىنىي-ئېتىقاد ۋە ئىشەنچلىرىنى، ئېتنوگراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر. ھەقىقەتەن مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بۇ ئەسەرنى ئۆز دەۋرى شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى يېگانە ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ، ھەمدە ھەيران قالدۇرارلىق مەلۇماتلىرى بىلەن ئادەتتىكى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئائىت لۇغەتلەردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «دىۋان» غا كىرگۈزگەن يەتتە مىڭ 500 دىن ئارتۇق سۆز ۋە ئىبارىلارنى ئىزاھلىغاندا ياكى بۇ سۆز-ئىبارىلارنىڭ ئىستېمال مەنىلىرىنى شەرھىيلىگەندە شۇ سۆزلەرگە تەئەللۇق ھەر خىل تارىخىي مەلۇماتلارنى، جۇغراپىيىلىك ۋە ئاسترونومىيىلىك مەزمۇنلارنى، كۆپلىگەن ھېكمەتلىك سۆز، ماقال-تەمسىل، ئەپسانە-رىۋايەت، قوشاق-بېيىت، شېئىر قاتارلىق تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي پارچىلارنى، دىن ۋە ئېتىقاد شەكىللىرىنى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنوگراپىيىلىك ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى، دورا-دەرمەك ۋە تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ھەرقايسى ساھەلەرگە ئائىت يۇقىرىقىدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك مەزمۇنلارنى سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلغاندىلا بۇ ئەسەرنىڭ يۈكسەك ئىلمىي قىممىتىنى ئىشىنەرلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولىدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلام دىنىي تارقىلىپ (ئىسلام دىنىي بۇخاراغا دەسلەپ مىلادى 717 — 718-يىللىرى كىرگەن) 366 يىل ئۆتكەن-

دىن كېيىن، شىنجاڭغا ئىسلام دىنىي تارقىلىپ (مىلادى 961 - يىلى سۇلتان سوتۇق
بۇغراخان ۋاقتىدا) 113 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قويۇق ئىسلامىيەت شارائىتىدا بىر
تەقۋادار مۇسۇلمان ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلدى. شۇنداق بولغاچقا ئىسلامىيەت ئىدىئو-
لوگىيىسى بۇ ئەسەردە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدىغانلىقى شۈبھىسىز. «دىۋانۇلۇغاتىت
تۈرك» قاراخانىلار خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنىي بولغان ئىسلام دىنىي بىلەن قۇچۇ ئىدى-
قۇت خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنىي بولغان بۇددا دىنىي ئوتتۇرىسىدا دىنىي كۈرەش كەسكىن
داۋام قىلىۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا يېزىلغاچقا، ئەسەردە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قى-
لىدىغان «قۇچۇ ئۇيغۇرلىرى»نى «كاپىرلار» دەپ قاتتىق ئەيىپلايدۇ ۋە سۆكىدۇ. مەھ-
مۇد قەشقەرى «kənd» سۆزىنى ئىزاھلاپ تۆۋەندىكى شېئىرنى مىسال قىلىدۇ:

Kəlnizləyü aktïmïz
kəndlər üzə qïktïmïz
furhan əvin yïktïmïz
burhan üzə sïqtïmïz

[ كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق،
بۇتخانىنى يىقىتتۇق
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق ]

... ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلكۈندەك ئېقىپ باردۇق. شەھەرلىرىگە باستۇرۇپ كىردۇق، بۇت-
خانىلىرىنى بۇزدۇق، بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىچتۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى شۇنداق،
كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا بېسىپ كىرگەندە ھاقارەتلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇتلىرى بېشىغا
تەرەت قىلىدۇ.

(I توم، 448 بەت).

روشەنكى، يۇقىرىقى پارچىلار ئۇزۇن مۇددەت ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى
بولغان قەشقەرىيە ئۇيغۇرلىرى بىلەن تېخى مۇسۇلمانلاشمىغان ياباقۇ، باسمىللار (بۇد-
دىست ئۇيغۇرلار) ئارىسىدا يۈز بەرگەن 1041 - يىللاردىكى كەسكىن جەڭ مەنزىرىسى
سۈرەتلەنگەن داستانلاردىن ئېلىنغان. دىنىي جەھەتتىكى كەسكىن ئايرىما تۈپەيلىدىن
شەرقىي ئۇيغۇرلار بىلەن غەربىي ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇنداق توقۇنۇش-
لارنىڭ ماھىيىتى ئىسلاملاشتۇرۇش بولغاچقا، ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىدە
بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئائىت مەلۇماتلارغا زادى ئورۇن بەرمىگەن، ئەكسىچە كېيىن كەل-
گەندە ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان بۇددىست ئۇيغۇرلارنى غەزەپ بىلەن ئەيىپلىگەن. بۇن-
داق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئالىمنىڭ ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى دۇنيا قارىشى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك.

لېكىن، «دىۋان» (ئەسەرنىڭ نامىنى قىسقارتىپ «دىۋان» دەپ ئالىمىز) دا كى-
شىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان بىر مۇھىم نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ، ئەسەردە

ئىپتىدائىي شامان (قام) دىنىغا ئائىت 40 نەچچە ئاتالغۇنىڭ ئىزاھلاپ بېرىلگەنلىكى. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى تەقۋادار مۇسۇلمان سۈپىتىدە بۇددا ئەقىدىلىرىگە ئائىت مەلۇماتلارنىڭ «دىۋان» ئىچىگە كىرىپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ، ئەمما شامان ئەقىدىلىرىگە ئۇنداق قارىمايدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ بۇ ئەلۋەتتە ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئىسپات قىلىشىچە، بۇنىڭدىن 2500 — 6000 يىللار بۇرۇنقى قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدا شامان دىنى ئالدى بىلەن ئالتاي دالىسىدا پەيدا بولغان. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى قۇملۇقتىن تېپىلغان شامان ئېتىقادىغا تەئەللۇق «نۇر چاقناپ تۇرغان قۇياش» شەكىللىك قەدىمكى قەۋرىلەر ۋە چەرچەنىنىڭ تۈزلۇقتاش قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى مەشئەللەر ئەشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 4000 — 6000 يىللار بۇرۇن «قۇياش» نى تەڭرى قىلغان (يورۇقلۇق ئىزدەش، يورۇقلۇققا چوقۇنۇش) ئىپتىدائىي شامان دىنىغا ۋارىسلىق قىلغان ۋە كېيىن ئېتىقاد قىلغان، ھەمدە باشقا دىنلارنىڭ ھەممىسىنى شامان ئېتىقادى ئاساسىدا قوبۇل قىلغان، بەزىدە بولسا بىرنەچچە دىننى ئۆزئارا سىڭىشتۇرۇپ ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان بىر دىننى ئىجاد قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان تارىخىي دەۋرى ھەممىدىن ئۇزۇن بولغاچقا (2000 يىلدىن ئارتۇق) شامان ئېتىقادى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا شامان دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى تاشلىمىغان.

شامانىزم شىمالىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا، «پېرىخۇن، باخشى، سېھىرگەر» مەناسىنى بېرىدىغان شامان ئاتالغۇسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئورال-ئالتاي خەلقلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان. «شامان» سۆزى مانجۇ-تۇڭگۇس تىلى بولۇپ (بەزى ئالىملار سانسكرىتچە دەپمۇ قارايدۇ) قەدىمكى تۈركىي مەنبەلەردە ئومۇمىيۈزلۈك «قام» (گام) دەپ ئاتالغان①. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا كەڭ تارقالغان بىر قەدەر ئىپتىدائىي دىن بولۇپ، شامان دىنىدىكىلەرنىڭ يا مەسجىت — ئىبادەتخانىسى، ياكى دىنىي ئەھكاملىرىنى شەرھىلەيدىغان مۇقەددەس كىتابلىرى بولمىغان. ئەمما ئۆزىگە خاس دىنىي كۆز قاراش شەكىللەنگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردە، شامان دىنىدىكىلەر تەڭرىگە (ئىلاھقا) چوقۇنىدۇ، شامان دىنىدا ئالەم ئۈچكە، يەنى جەننەت — پەرىشتىلەر ماكانى، يانى دۇنيا — بەندىلەر ماكانى، جەھەننەم — جىن-شەيتانلار ماكانى دەپ ئايرىلغان. دىنىي ئىمتىياز جەھەتتە پېرىخۇنلار (باخشى) ھەممىگە قابىلمىز دېيىشىدۇ. ئۇلار جىن-شاياتۇنلا نى قوغلاپ بىمارلارنى داۋالىغاندىن سىرت رەم سېلىپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بىشارەت بېرەلەيدۇ،

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئىستانبۇل، 1979-يىل، 11-توم، 320-بەتكە قاراڭ.

دېگەنگە ئوخشاش مەلۇماتلار بار. شۇنداق قىلىپ شامان دىندىكىلەر پىرىخۇن، باخشى، سېھىرگەرلەرگە (قام-شامان) ئىلاھ ئورنىدا چوقۇنغان، پۈتكۈل ئىشلاردا (تۇغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش، باي بولۇش ياكى نامراتلىشىش، بەخت-سائادەت، قايغۇ-ئەلەم، تىنچلىق، جېدەل-ماجرالار...) شامانىنىڭ تەبىرىنى مۇتلەق ھەقىقەت دەپ بىلگەن. ئەشۇ سەۋەبتىن ئۇ دەۋردە دۇرۇت-ئەپسۇن (ئەرۋەش) ئوقۇش، رەممالىلىق، ۋە سېھىرگەرلىك جەھەتلەردە كامالەتكە يەتكەن.

شامانىزمنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقانلىقى ۋە كەڭ ئەۋج ئالغانلىقى ھەققىدە دوساڭنىڭ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق كىتابىمۇ كۆپ مەلۇماتلار يېزىپ قالدۇرۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق داستانى — «ئوغۇز نامە» دىمۇ شامانىزم ئېتىقادىغا ئائىت كۆپلىگەن ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ھەتتا ئۇيغۇرلار X ئەسىردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ پىرىخۇنلۇق، سېھىرگەرلىك، چۈشكە تەبىر بېرىش، رەممالىلىق، مۇنەججىملىك، دۇرۇت-ئەپسۇن ئوقۇش قاتارلىق شامانىزمنىڭ ئومۇملاشقان ئېتىقاد شەكىللىرىنى ئاشكارلىق ياكى ئاشكارسىز ھالدا داۋاملاشتۇردى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرى مەۋجۇت. بۇ ھال بىزگە، ھەرقانداق بىر دىن ئۆزىدىن بۇرۇنقى دىنلارنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىشقا قادىر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، مەيلى قايسى دىن بولسۇن ھەممىسى دېگەندەك رېئاللىقنىڭ يالغان ئىنكاسى، لېكىن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تەرەققىيات جەريانلىرىنى ئىگىلەپ جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا ھەرقايسى دىنلار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئاساسىدا چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ مەقسەتتە ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىردە ئىزاھلانغان شامان دىنىغا ئائىت تۆۋەندىكى سۆز-ئىبارىلەرنى تاللاپ يولداشلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىغا سۇنىمىز:

I . اِسْرِقْ ïsrïk — بالىلارنى جىن-ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز، ئىسرىقنىڭ ئىسى بالىنىڭ يۈزىگە تەككۈزۈپ «اسرق اسرق ïsrïk ، ïsrïk — ھەي جىن، كۆچ-كۆچ!» دېيىلىدۇ.

(I توم 134-بەت)

(ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە كۆپىنچە بالىلار تاسادىپىي كېسەللىككە يولۇققاندا «ئەرۋاھ» نىڭ روھىغا ئاتاپ ئىسرىق سېلىش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ساپال قاچىغا ئوتنىڭ چوغىنى ئېلىپ ئۈستىگە ھايۋاناتلارنىڭ خام مېيىنى تاشلاش، ياكى ئالما قېقى، ئادراسمان قاتارلىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ

بىر خىل پۇراق چىققاندىن كېيىن بىمارنىڭ بېشىدىن «ئىسرىق - ئىسرىق» دەپ ئوك ۋە تەتۈر ئايلاندۇرۇشتەك ئادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى «ئىسرىق سې-لىش» دەپ ئاتايدۇ.

2- اَفْشُكْ əvxük — چاپلاشقاق كېسەل

(I توم ‎142‎ - بەت)

(ئاساسەن ئاتالمىش «جىن چاپلىشىۋالغان» لىق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان كېسەللىكنىڭ نامى)

3- اُمایْ umay ئۇماي، ئەش، يولداش، ھەمرا. ئاياللارنىڭ كۆزى يورىغاندا، بالىدىن كېيىن چۈشىدىغان نەرسە. ماقالدامۇنداق دېيىلىدۇ: «umayka tapinsa ooqul bolur»، (ئۇمايغا تابىنسا ئوغۇل بولۇر)

(I توم. ‎167‎ - بەت)

(ئايال ئىلاھ ئۇماي ھەققىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ كۆپلىگەن ئەپسانىلار بار-لىققا كەلگەن. ئۇ ئەسلىدە كۆپ خۇدالىقدىن بولغان شامان دىنىدا يارد-تىلغان ئىلاھ بولۇپ، ئۇماي باللار ھامىيسى، بەخت مەبۇدىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغ-لانغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت خاتىرىلەردىمۇ ئۇمايىنىڭ نامى بۈيۈك تەڭرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» شەرق تە-رىپىنىڭ 31 - قۇرىدا «ئۇماي تەگ ئوگىم قاتۇن قۇتىڭا ئىنىم كۆلتېكىن ئەر ئات بولتى»① (ئۇمايدەك ئانام خانىشنىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆلتېكىن ئەر ئا-تالدى) دەپ يېزىلغان. دوڭخۇاڭ مىڭ ئۆيى 423- گۇللۇك كېمىرىدىكى تەسۋى-رى سۈرەتتە قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان شەرقىي ئىلىگبەگنىڭ ئۇچقۇر ئەژ-دىھارغا مىنىپ كۆئېنلۈن تېغىغا بارغاندا ئۇماي ئانا سۇمرۇغقا مىنىپ ئۇنى كۈتۈۋال-غانلىقىغا دائىر كۆركەم مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، شۇ زامانلاردا شىيا يۇۋۇجىياڭ دەرياسىنىڭ شىيەنبا بوغۇزىنى تىزگىنلەپ خەلققە بەخت كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك قىلغانلىقىغا غەربىي ئۇماي ئانىنىڭ 12 قىزى ئىنتايىن قايىل بولۇپ، شىيا يۈگە ئاپىرىن ئوقۇغان. ئۇمايىنىڭ قىز-لىرى ئۆزلىكىدىن يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ۋۇجىياڭ دەرياسى ۋادىسىغا بېرىپ، شىيا-يۈگە ياردەملەشكەن. كېيىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئۇماي ئانا، يولۇچىلارغا نىشان بەلگىلەپ بېرىش ئۈچۈن قىزلىرىنى خادا تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بۇ خادا تاشلار ھازىرغىچە بارمىش. ئۇماي ھەققىدىكى بۇنداق ئەپسانىلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.)

4- اباجی abaqi ئالۋاستى، ھۆجۈ، باللارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن «abaqi kəldi» —

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار» 1984 - يىل ئۇيغۇرچە، 71 - بەت.

ھۆججۇ كەلدى» دېيىلىدۇ.

(I توم، 184 - بەت)

5- اَ باقى abaki قارانچۇق، كۆز تەگمىسۇن دەپ باغ ۋە كۆكتاتلىقلارغا قاراپ قويىلىدىغان قارانچۇق.

(I توم، 184 - بەت)

(بۇ ئادەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. كۆپىنچە بادىرا ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئىت، بۆرى، ئات، كالا، قوي، ئۆشكە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قۇرۇق كاللىسىنى بېكىتىپ ئوخشىغان كۆكتاتلارغا قاداپ قويۇلىدۇ. ياكى ياغاچ قوچاق ياساپمۇ ئېسىپ قويىدۇ. ئۈزۈم چېكىلگەن مەزگىللەردە ئۈزۈم باراڭلىرىغىمۇ ئېسىپ قويۇش ئادىتى بار.)

6- انكۆزين üŋüzin ئالۋۇن، چۆللەردە ئادەمنى ئازدۇرىدىغان ئېزىتقۇ.

(I توم، 197 - بەت)

7 ارقشتي arvaxtı. قام لار قمغ آرقشتي kamlar kamuq arvaxt ھەممە كاھىنلار (قام - شامان) ئەپسۇن - ئەرۋەش ئوقۇشتى. باش - كۆزگە چىققان يامان جاراھەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا سۈپكۈچ قىلىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ.

(I توم 315 - بەت)

8- اسنتى əsnətti شامال چىقاردى، ئەسنەتتى. təŋri əsin əsnətti تەڭرى شامال چىقاردى. yək ani əsnətti شەيتان ئۇنى ئەسنەتتى.

(I توم، 352 - بەت)

9- ارقلدى arvaldï ئەرۋەشلەندى، ئەرۋەش ئوقۇلدى.

arvax ardaldï — ئەپسۇن - ئەرۋەش ئوقۇلدى.

(I توم، 331 - بەت)

10- ارقادى arvadi ئەرۋىدى. kam arvax arvadï — باخشى ئەپسۇن - ئەرۋەش ئوقۇدى.

(I توم، 373 - بەت)

11- بتك bitik پۈتۈك، كىتاب، مەكتۇپ، يېزىلغان نەرسە تومار.

(I توم، 499 - بەت)

12- قلباق kulbak تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى. (شامانىزم ئەۋلىياسى. ئا) ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ قارا تاشقا «təŋri kuli kulbak» دەپ يازسا، ئاق بولۇپ چىقىدىكەن، ئاق تاشقا يازسا قارا بولۇپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئىزلىرى

تا هازىرغىچە بار ئىكەن. (I توم. 620- بەت)

13 - بَنْدالْ bandal ياغاچتىن چىقىدىغان، تاغاق سۆگىكىگە ئوخشاش تارشا. بۇ-نىڭ ئۇچىنى ياندۇرۇپ كېچىسى بالىلار بىر-بىرىگە ئېتىپ ئوينايدۇ. بۇ «ot bandal» دېيىلىدۇ. چوگەن ئويۇنىدا ئوينايدۇ.

(I توم. 628- بەت)

(يېقىنغىچە ئۇيغۇرلار ئائىلىدە سەرەڭگە ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن يەرلىك مەھسۇلات — «تارشا گۈگۈت» ئەشۇ bandal دېن كەلگەن).

14 - تَتِغْلِغْ tutuqluq yər tutuqluq - چىنلىق يەر. چىن بار يەر، ئۆتكەن كىشىلەرگە چىن چاپلىشىدىغان يەر. (I توم. 645 - بەت)

15 - اِرْق ïrk رەممالىق، پالچىلىق، بىراۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماق.

(I توم. 60 - بەت)

(قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر ھەرپىدە IX ئەسىردە يېزىلغانلىقى تەخمىن قىلىنغان «ئىرىق بىتوك» ناملىق پال كىتابى بولۇپ، ئۇنى دەسلەپ V. تومسىن (دانىيەلىك) ئوقۇغان ۋە نەشىر قىلدۇرغان. شۇندىن كېيىن ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭ بۇ پالچىلىق كىتابى خەلقئاراغا مەلۇم بولغان.

16 - اِزُقْ ïzuk قۇتلۇق ۋە مۇبارەك نەرسە، ئىرىملىق نەرسە. ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن مال «ïzuk» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا يۈك ئارتىلمايدۇ. ئۇنىڭ سۈتى سېغىلمايدۇ، يۇڭى قىرقىلمايدۇ، ئىگىسى ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئاتاپ ساقلايدۇ.

(I توم. 89 - بەت)

(A). 17 - يَتْ yat يادا. بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باش-قىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار (يادا تاشلار) ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغان ئىدى. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى.

(III توم. 2 - بەت)

(B). 17 - يت yat يادا. يامغۇر ياغدۇرۇش ۋە شامال چىقىرىش ئۈچۈن يادا تېشى بىلەن قىلىنىدىغان كاھىنلىق.

(III توم. 218 - بەت)

(«ھاۋاغا تەسىر ئۆتكۈزۈش» ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئەپسۇنلارنىڭ بىرى «يادا تاش» ئەپسۇنى بولۇپ، ئۇ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان

شامان ئېتىقادلىرىدىن بىرى. ئۇ يامغۇر، قار، مۆلدۈر ياغدۇرۇش ئىلتىجاسى سۈپىتىدە كۆككە قاراپ ئېيتىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «يادا تاش» ئەپسۇنى ئاساسىدا «يامغۇر تىلەش» مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلەتتى. تا يېقىنقى كۈنلەرگىچە قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەندە ئەل - يۇرت بويىچە «زاراخەتمە» (نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان «سۈتلەش» مۇراسىملىرى ئەنە شۇ شامان ئېتىقادىنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت.

ئەلشىر ناۋايى «ۋافا ئىدولكىبەر» ناملىق ئەسىرىدە «يادا تاش» نى تىلغا ئېلىپ، مۇنداق يازغان:

يادا تاشقا قان تەككەچ ياغىن ياققۇدەك، ئەي ساقى،
ياغار يامغۇردەك ئەشكىم چون بولور سىراپ ئالود.)①

18 - يلفى yəlvi سېھىر. yəlviqi — سېھىرچى، سېھىرگەر.

(III توم. 42 - بەت)

19 - يرتغان yaratoqan ياراتقان، ياراتقۇچى. təŋri ol yəring yaratoqan — تەڭرى يەرنى ياراتقۇچىدۇر.

(III توم. 70 - بەت)

(«تەڭرى» سۆزى ئەسلىدە شامان ئاتالغۇسى بولۇپ «خودا» مەنىسىنى بېرىدۇ. شامان دىنىدىن كېيىن پەيدا بولغان دىنلارمۇ «تەڭرى» نامىنى قوبۇل قىلغان. م: بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھى — «بۇددا»نى «تەڭرى بورخان»دەپ ئاتىغان. مانى دىنىنىڭ ئىلاھى — «مانى»نى «تەڭرى مانى بورخان» دەپ ئاتىغان. زارو ئاستى دىنىنىڭ ئىلاھى — «ئەرز»نى «ئەزروئا تەڭرى» ياكى «ئەزروئا تەڭرى بورخان» دەپ ئاتىغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھى — «ئاللا»نى «تەڭرى» ياكى «باياۋات»، ياكى «ئىدى» دەپ ئاتىغان. «خودا» — پەھلىۋى تىلىدىن كەلگەن، «ئاللاھ» ئەرەب تىلىدىن كەلگەن ئاتالغۇدۇر.

دېمەك، ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان ئىلاھ «تەڭرى» ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە «تەڭرى» دېگەن ئىلاھ نامى مىلادىيىدىن ئىلگىرى 3 - ئەسىردىلا هون تىلىدا مەۋجۇت ئىدى. («تارىخنامە. هون تەزكىرىسى»گە قاراڭ) قەدىمكى شامان ئېتىقادى بويىچە، ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تەبىئىي هادىسە — كائىناتنى «تەڭرى» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنى «يورۇقلۇق ئالەم» دەپ چۈشۈنۈپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشقان.)

20 - يغتمان yaqïtoqan ياغدۇرىدىغان، ياغدۇرغۇچى. təŋri ol yaqmur yaqïnoqan — تەڭرى يامغۇر ياغدۇرغۇچىدۇر.

① «قەدىمكى تۈرك دىن تارىخى» ئىستانبۇل. ( 1976 - يىل. 135 - بەت.)

21 - تۇغ tuq تۇغ، بايراق. tokuz tuqluq han — توققۇز تۇغلۇق خان ياكى خا-
قان. خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەر قانچە كۆپىيىپ مەرتىۋىسى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ. چۈنكى توققۇز سانى خاسى-
يەتلىك ھېسابلىنىدۇ. خاننىڭ بۇ تۇغلىرى كاككۇك ئاغزى رەڭلىك يىپەك رەخت-
تىن ياسىلىدۇ. بۇمۇ خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

(III توم، 176 - بەت)

(ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ توققۇزنى مۇقەددەس سان دەپ قاراپ
ئۇنىڭغا ئەقىدە باغلاپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ قەدىمكى دەپنە قىلىش
ئادىتىدە ئۆلۈكنى كۆمگەندە يېنىغا توققۇز دانە يۇمۇلاق تاشنى تىزىپ قويغان،
ياكى قەبرە ئورنىدا توققۇز دانە تاش يۆلەپ قويغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى
ئەشۇ شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.)

22 - كۆك kek كۆك، ئاسمان. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: kekkə suzsa yüzgə tüxür
— ئاسمانغا تۈكۈرسە، يۈزگە چۈشەر. بۇ ماقال «باشقىلارغا يامانلىق قىلساڭ،
ئۆزەڭگە قايتىدۇ» دېگەنگە ئىشارەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

(III توم 182 - بەت)

(مەھمۇد قەشقەرى) بۇ ماقالنىڭ بىرلا مەنىسىنى كۆرسەتكەن. يەنە بىر
تەرەپتىن ئالغاندا بۇ ماقال قەدىمكى شامانلارنىڭ كۆكنى ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇ-
لۇغلاش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. چۈنكى شامان دىنىدا «كۆك تەڭرى» ھەم-
مىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن مۇقەددەس ئىلاھتۇر.

23 - يېل yəl جىن، جىن شامىلى. ər yəlpindi ئادەمگە شامال دارىدى، يەنى
جىن چاپلاشتى.

(III توم، 197 - بەت)

24 - ياك yək شەيتان. ماقالىدا مۇنداق كەلگەن:
bilmix yək bilməzük kixidən yəg — تونۇش ئەمەس كىشىدىن تونۇش شەي-
تان ياخشى.

(III توم 219 - بەت)

25 - قوۋچ kuvuq جىن تەككەنلىك ئەسىرى. مۇنداق ئادەمنى داۋالاشتا يۈزىگە سو-
غۇق سۇ سېپىپ «kowuq kowuq» دېيىلىدۇ. ئادراسمان ۋە ئود ھىدى بىلەن
ئىسرىق سېلىنىدۇ. بۇ سۆز «kaq kaq — ھەي جىن! قاچ، قاچ» سۆزىدىن
ئېلىنغان بولسا كېرەك.

(III توم، 223 - بەت)

26 - قوز kowuz. «kowuq» سۆزى ئورنىدا قوللىنىلىدىغان سۆز. ئوغۇزچە

يەل كوۋۇز بىتىكى yəl kowuz bitiki — جىن تېگىشكە قارشى ئوقۇلىدىغان ئەپسۇن.

(III توم، 224 - بەت)

27 - نوم nom نوم، دىن، شەرىئەت. «tənri nomï — تەڭرىنىڭ دىنى ۋە شەرىئىتى» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان. ھەممە دىنلارغا «nom — نوم» دېيىلىدۇ.

(III توم، 188 - بەت)

28 - قام kam كاھىن، شامان.

(III توم، 215 - بەت)

(شامانىزمدا روھلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋە يامان روھلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرىدىغان بىر دىن ئادىمى ۋە كاھىنى① سۈپىتىدىكى شاماننىڭ مۇھىم بىر ئورنى بار. ئەنە شۇ دىن ئادىمى بەزىدە «قام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «قام»نى «كاھىن» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. شامانلىق — ئۆگىنىپ ئىگەللەشتىن كۆپرەك ۋارىسلىق يولى بىلەن ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان بىر كەسىپتۇر. شامانلار ئاتا - بوۋىلىرىدىن «ئۇدۇم بولۇپ قالغان» كۈچ قۇۋۋەت بىلەن ئەپسۇن - ئەرۋەش ئوقۇپ، ئاتا - بوۋىلىرىنى، روھىناتلارنى چاقىرىشنى ئۆگىنىدۇ. يەنە شۇ كۈچلەر ئارقىلىق روھلار بىلەن ئۇچرىشىشقا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرىدۇ. شاماننىڭ ئۆتەيدىغان تۆۋەندىكىدەك ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلىرى بولىدۇ؛ (1) بىر يىلغىچە تۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىگە ئىشىنىلگەن ئۆلۈكلەرنىڭ روھىنى ئۇ دۇنياغا ئېۋەتىش. (2) ھەر خىل روھلار بىلەن يولۇقۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى قايتۇرۇش. (3) ئوۋچىلىقتىكى تەلەيسىزلىكنى قاچۇرۇش، ئائىلىنى سائادەت بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغان مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش. (4) ئېغىر كېسەللىكلەرنى ساقايتىش. ئالتاي تۈركىي قەۋملىرىنىڭ قارىشىچە كېسەللىك ۋۇجۇدىدىن ئايرىلغان يامان بىر روھنىڭ يېپىشۋالغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. شامانىنىڭ ۋەزىپىسى يېپىشۋالغان روھنى تېپىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ۋاقتىدا شامان ياردەمچى روھلارنى چاقىرىشقا مۇھتاج بولىدۇ.)

29 - بىتى biti مۇقەددەس كىتاب. ئاسماندىن چۈشۈرۈلگەن كىتابلاردىن بىرى.

(III توم، 300 - بەت)

30 - جىۋى qivi جىنلار گۇرۇھىدىن بىرسىنىڭ ئېتى. تۈركلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ھەر ئىككى يۇرتتىكى جىنلارمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىگىلىرىنى قوللاپ ئۇرۇشىدۇ. جىنلارنىڭ قايسى تە-

① كاھىن - قەدىمكى مىسىر ۋە ھىندىلارنىڭ، مەجۇسىلارنىڭ ھەم مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ غايىپتىن خەۋەر بەرگۈچى روھانى باشلىقلىرى.

رىپى يەكسە، ئەرتىسى شۇ يۇرتنىڭ ئىگىلىرى غەلىبە قىلىدۇ. كېچىلىرى ئىككى يۇرت جىنلىرىنىڭ قايسى بىرى يېڭىلىسە، شۇ جىنلار تۇرغان يۇرتنىڭ پادىشاھى مەغلۇپ بولىدۇ. تۈرك ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن قايتقان كېچىسى جىنلارنىڭ ئوقلىرى تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ چېدىرلىرىغا كىرىۋالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقالغان بىر خىل چۈشەنچە.

(III توم. 311 — 312 - بەت)

31 - ارقلادى ïrkladï پال سالدى، رەم باقتى. kamïrkladï رەممال پال سالدى. رەممال رەم باقتى.

(III توم. 600 - بەت)

32 - كَكُكْ kəkük كاككۇك، بىرخىل قۇش. سۆگىكى ئەپسۇندا ۋە سېھرگەرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

(II توم. 418 - بەت)

33 - كُسْكُكْ kösgük قارانچۇق. كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆكتاتلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلارغا ئېسىپ قويۇلىدىغان قارانچۇق. (٥٠) مادىدا بىلەن ئوخشاش)

(II توم. 422 - بەت)

34 - يَتْلَتّى yatlatti يادا قىلدۇردى. bəg yatlatti بەگ (شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇش ئۈچۈن) يادا قىلدۇردى. yatlatur–yatlatmak — بو تۈركىي يۇرتلىرىدا مەشھۇر بىر ئىشتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىزنى بىلەن، يادا تاشقا ئوقۇش ئارقىلىق شامال، سالقىنلىق ۋە يامغۇر پەيدا قىلىنىدۇ.

(II توم. 519 — 520 - بەت)

35 - اُيُقْ uyuk بەلگە، قارانچۇق، قارا، شەپە.

(I توم. 114 - بەت)

36 - اَرْغُجْ arquq ئازدۇرغۇچ. كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان، ئازدۇرىدىغان نەرسە. arquq azun — قايمۇقتۇرغۇچى، ئازدۇرغۇچى دۇنيا.

(I توم. 128 - بەت)

37 - اُجْغُقْ uqquk ئۇچۇق، زۇكام.

(I توم. 133 - بەت)

(«uqquk» — بۇ ئاتالغۇ قېرىنداش تۈركىي تىللار شېۋىسىدىكى «uquk» ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمكى شەكلىدۇر. ئۇيغۇرچىدا «uquk» سۆزى بىر خىل تاسادىپى دۈچ كەلگەن كېسەلنىڭ نامى سۈپىتىدە ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە. يەنى بىر خىل زۇكام تەسىرىدە بىر كېچىدىلا ئېغىز - بۇرۇن ئەتراپىغا يارا چىقىپ كەتسە ئادەتتە «ئۇچۇق تېگىپتۇ» (قوقاق تېگىپتۇ دەپمۇ ئاتايدۇ) دەپ، ئۇنداق كېسەلنى شامان ئادىتى بويىچە «ئەپسۇن» ئوقۇپ داۋالايدۇ، ياكى

يەتتە ئۆيدىن يۇرۇك تىلەپ بىشىدىن ئۆرۈيدۇ. بۇي سالىدۇ)

37 - ارُنْكْ ürüŋ ئۈرۈن — يۇرۇن. ھەرقانداق ئاق نەرسە. ئوغۇزلار ئۇنى «اق ak» دەيدۇ.

(I توم 181 - بەت)

(ئەسلى ئاڭلىتىدىغان مەنىسى «ئاق» دېمەكتۇر. كۆپلىگەن تۈركىي خەلقلەردە سۈت ۋە سۈتتىن ياسىلىدىغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر (ياغ، قايماق، قۇرت، ئايران، ئىرىمچىك، قىمىز قاتارلىقلار) «ürüng» دەپ ئاتىلىدۇ. ياقۇتلاردا ھازىرمۇ مۇشۇ خىل يېمەكلىكلەر «urung as» دېيىلىدۇ. شامان ئېتىقادىدا «ürüng» ئالاھىدە ئۇلۇغلىنىدۇ ۋە مۇقەددەسلىنىدۇ)

38 - اُرُنْكْ ərün ئۆرۈم. پالچىغا بىرىلىدىغان ھەق.

(I توم. 181 - بەت)

39 - تَمُرْ tamur تۆمۈر. بۇ سۆز kək təmür kərü turmas — دېگەن ماقالىدىمۇ كەلگەن. بۇ «كۆك تۆمۈر بىكار تۇرمايدۇ، تەككەن يېرىنى يارىلايدۇ» دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا بىر مەنىسىمۇ بار. قىرغىز، ياباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قەسەم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئالدىغا كوندىلەڭ قويىدۇ — دە، bu kək kirsün kizïl qïksun دەيدۇ. بۇ «ۋەدە بۇزۇلسا قىلىچ قانغا بويالسۇن، تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن» دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

(I توم. 468 — 469 - بەت)

40 - يُرُنْ yurun يورۇن — ژۇرۇن. يىپەك رەخ پارچىسى. «yurun yuka» دېگەن سۆزمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان.

(III توم. 26 - بەت)

(«يۇرۇن — ژۇرۇن» سۆزى تىلىمىزدا ھازىرمۇ «ئۇزۇنسىغا يىرتىلغان رەخ ياكى يىپەك رەخ پارچىسى» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ ۋە كۆپىنچە پېرىخونلۇق لېكسىكىسى دائىرىسىدە كۆرۈلىدۇ. پېرىخۇنلار «توغ» چىقارغاندا ئۇنىڭغا ھەر خىل رەڭدىكى رەخ پارچىلىرىنى (قۇراق) چىگىپ قويىدۇ، شامان باخشىلىرى ئۆزىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇپ كىيىملىرىگىمۇ «يۇرۇن»نى تىكىۋالىدۇ. بەزى كادالاڭ (قىرى) دەرەخنىڭ شاخلىرىغا قۇراق رەختلەرنى ئېسىپ قويۇشىمۇ ئەشۇ ئېيتىقاددىن كەلگەن)

دېمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىچىدىن تاللاپ چىقىلغان يۇقىرىقى سۆزلەرلەر يالغۇز شامان دىنىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىمۇ بەلگىلىك رولى بار. مەزكۇر ماقالىدا ھەربىر سۆز - ئىبارىگە بېرىلگەن تىرناق ئىچىدىكى ئىزاھاتلار ئاپتور تەرىپىدىن قىستۇرۇلغان.

# مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات

تىل مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، مىللىي تىل ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا مەلۇم دىئالېكتنى ئاساس قىلىپ ھەمدە باشقا دىئالېكت ياكى تىللاردىن مۇناسىپ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ شەكىللىنىدۇ. ئومۇمەن، بىر مىللەت بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدۇ، لېكىن بىر خىل تىل بىلەن سۆزلەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت بولۇۋەرمەيدۇ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەردىن خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇلار خەنزۇ تىلىنى ئىشلەتكەندىن باشقا، قالغان مىللەتلەر ئۆز تىللىرىدا سۆزلىشىدۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى خەنزۇ-زاڭزۇ تىلى سىستېمىسى، جەنۇبىي ئاراللار تىلى سىستېمىسى، ھىندى-ياۋروپا تىلى سىستېمىسى، ئالتاي تىلى سىستېمىسى ۋە جەنۇبىي ئاسىيا تىلى سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

مىللىي يېزىق-ھەربىر مىللەت ئۆزى ئىشلەتكەن يېزىقنى كۆرسىتىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە، ئازادلىقتىن بۇرۇن 21 مىللەتنىڭ يېزىقى بولۇپ، 30 نەچچە مىللەتنىڭ يېزىقى يوق ئىدى، 1958-يىلغا قەدەر جۇاڭزۇ، بۇيىزۇ، مياۋزۇ، تۇڭزۇ، خانىزۇ، ۋازۇ، ناشىزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە لاتىن ھەرپى ئاساسىدىكى يېزىق ئىشلەپ بېرىلدى، ئەسلىدە لاتىن ھەرپى ئىشلىتىدىغان جىڭپوزۇ ۋە لاخۇزۇ مىللەتلىرىگە ئەسلىدىكى ھەرپ ئاساسىدا يېزىق ئۆزگەرتىش لايىھەسى ئىشلەپ بېرىلدى، ئەسلىدە تۆت خىل يېزىق ئىشلىتىدىغان دەيزۇلارغا دەيزۇ يېزىقى ئاساسىدا ئىككى خىل دەيزۇ يېزىقىنىڭ ئىسلاھات لايىھەسى ئىشلەپ بېرىلدى. يېزىق سىستېمىسىدىن ئالغاندىمۇ ئەھۋال خىلمۇخىل مۇرەككەپ، بىر قەدەر ئىپتىدائىي بولغان تەسۋىرىي مەنەن يېزىق، بوغۇملۇق يېزىق، ھەرپلىك يېزىق قاتارلىقلار بار، ھەرپلىك يېزىقتىمۇ زاڭزۇچە، دەيزۇچە، ئۇيغۇرچە، چاۋشيەنزۇچە، لاتىنچە، ئەرەبچە، سلاۋيەنچە بولۇپ يەتتە خىل ھەرپ شەكلى بار. ئوخشاش بىر مىللەت ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە خىل يېزىق ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، دەيزۇلار تۆت خىل يېزىق ئىشلىتىدۇ. موڭغۇللار ئىككى خىل يېزىق ئىشلىتىدۇ، يەنە بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ يېزىقىنى قوللىنىپ، خەنزۇچە سۆزلىشىدۇ.

ئىنسانلار تارىخىدا ئىجتىمائىي فورماتسىيە ۋە ھاكىمىيەت شەكىللىرىنىڭ ئۆز-

گىرىشكە ئەگىشىپ، دىنمۇ نەرسە ئېتىقادچىلىقى ۋە كۆپ خۇدالىقتىن بىر خۇدالىققا؛ تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن، ئادەمگە چوقۇنۇشقا؛ ئۇرۇقلارنىڭ تۇتېمغا چوقۇنۇشىدىن مىللەت خۇداسى ۋە مىللىي دىنغا تەرەققىي قىلىپ، ئاخىر دۇنيا خاراكتېرلىك دىن مەيدانغا كەلگەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرىۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت شەكلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئارىسىدا مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا خىلمۇ-خىل دىنلار مەيدانغا كەلگەن: بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر شامان، لاما، ھىنايانا، داۋجياۋ، بۇددا، خىرىستىيان، ئىسلام، كاتولىك دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلسا، بىر قىسمى ئانىمىزمغا، جىن-ئەرۋاھلارغا، تەبىئەتكە، ئاتا-بوۋىلىرىغا، ئورتو دوكىس دىنىغا چوقۇنغان. بۇ دىنلار خەنزۇلار ئىچىدىلا ئەمەس، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ خېلى كەڭ تەسىرگە ئىگە.

1982-يىلدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ نوپۇسى بىر مىليارد 30 نەچچە مىليون بولۇپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. زېمىنى 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كانادادىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ زېمىندا خەنزۇلاردىن باشقا 55 ئاز سانلىق مىللەت ياشايدۇ. خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 930 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 93.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سانى 67 مىليون 200 مىڭ بولۇپ، 6.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ سانى پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ سانىدا ناھايىتى كىچىك نىسبەتنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جايلاشقان يېرى كەڭ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ 50 — 60 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى بىر مىليوندىن ئاشىدىغانلىرى: جۇاڭزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، يىزۇ، مياۋزۇ، مانجۇ، زاڭزۇ، موڭغۇل، تۇجيا، بويى، چاۋشيەنزۇ، دوڭزۇ، ياۋزۇ، بەيزۇ، خانىزۇ قاتارلىق 15 مىللەت. ئاھالىسى 100 مىڭدىن يۇقىرى، بىر مىليوندىن تۆۋەن بولغانلىرى: قازاق، دەيزۇ، لىزۇ، لىسۇ، ۋازۇ، شېزۇ، گاۋشەن، لاخۇ، شۇيزۇ، دوڭشياڭ، ناشى، قىرغىز، تۇزۇ، لوبا قاتارلىق 14 مىللەت. ئاھالىسى 10 مىڭدىن يۇقىرى 100 مىڭدىن تۆۋەن بولغانلىرى: جىڭپو، داغۇر، مۇلاۋ، چياڭزۇ، بۇلاڭزۇ، سالا، ماۋشەن، گېلاۋ، شىبە، ئاچاڭزۇ، تاجىك، ئۆزبېك، تۇزۇ، ئېۋېنكى، پىڭلوڭ، پومى، مىنبا، جىنو قاتارلىق 18 مىللەت. ئاھالىسى 10 مىڭدىن تۆۋەن بولغانلىرى؛ باۋئەن، يۈيگۇ، جىڭزۇ، تاتار، دۇلۇڭ، ئېلۇنچۇن، رۇس، خېجې قاتارلىق سەككىز مىللەت.

ۋەتىنىمىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ مەملىكەت.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرى. ئۇلار خەنزۇ مىللىتىگە ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى ۋە ئەقىل-پاراستى

(داۋامى 122-بەتتە)

# جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى، نوپۇسى ۋە تارقالغان جايلىرى

## (نوپۇس 1982 - يىلدىكى سان بويىچە ئېلىندى)

| مىللەت نامى | تىلى: تىل سىستېمىسى | تىلى: تىل ئائىلىسى | تىلى: تىل تارمىقى | تىلى: تىلى | يېزىقى | دىنىي ئېتىقادى | نوپۇسى | تارقالغان رايونلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مانجۇ | ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى | مانجۇ - تۇنگۇس تىلى ئائىلىسى | مانجۇ تىل تارمىقى | مانجۇ - خەنزۇ تىللىرى | خەنزۇ يېزىقى | بىر قىسمى شامان، بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدۇ | 4.299.159 | ئاساسەن لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، خېبېي، بېيجىڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەر |
| چاۋشيەنزۇ | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | بېكىتىلمىگەن | چاۋشيەن تىلى | چاۋشيەن يېزىقى | بىر قىسمى بۇددا ۋە خرىستىيان دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ | 1.763.870 | ئاساسەن جىلىن ئۆلكىسى يەنبىيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىر قىسمى، جىلىن، لياۋنىڭ، خېيلۇڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلار |
| خېجې | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | مانجۇ تىلى تىل تارمىقى | خېجې تىلى | خەنزۇ يېزىقى | بىر قىسمى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. | 1.400 دىن ئارتۇق | ئاساسەن خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى تۇڭجياڭ راۋخې، فۇيۈن قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ دەرياياقىسى رايونلىرى، ئاز بىر قىسمى فۇجىن، جىشيەن يىلەن قاتارلىق جايلار |
| موڭغۇل | 〃 〃 〃 | موڭغۇل تىلى ئائىلىسى | 〃 〃 〃 | موڭغۇل تىلى | موڭغۇل يېزىقى | ئاساسەن لاما دىنىغا، ئاز بىر قىسمى بۇددا ياكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ | 3.411.657 | ئاساسەن ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ، لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، خېبېي، خېنەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكە رايونلار |
| داغۇر | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | موڭغۇل تىلى | موڭغۇل خەنزۇ يېزىقى | بىر قىسمى شامان دىنىغا، ئاز ساندىكىسى لاما دىنىغا، ئېتىقاد قىلىدۇ | 94.000 دىن ئارتۇق | ئاساسەن خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى، ئاز بىر قىسمى شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي رايونى |
| ئېۋېنكې | 〃 〃 〃 | مانجۇ - تۇنگۇس تىل ئائىلىسى | تۇنگۇس تىلى تارمىقى | ئېۋېنكى، موڭغۇل، خەنزۇ تىللىرى | موڭغۇل خەنزۇ يېزىقى | بىر قىسمى شامان دىنىغا ئاز بىر قىسمى لامايىكى ئورتودوكس دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ | 19.300 دىن ئارتۇق | ئاساسەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇلۇنبۇير ئايمىقى ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى نېخې ناھىيىسى |
| ئېلىنچۈن | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | ئېلىنچۈن تىلى | خەنزۇ يېزىقى | بىر قىسمى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ | 4.100 دىن ئارتۇق | ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى خۇلۇنبۇير ئايمىقى ۋە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى خۇما، سۈنكې، ئەيخۇي قاتارلىق ناھىيەلەر |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خۇيزۇ | خەنزۇ زاڭ - زۇ - تىللىرى سىستېمىسى | | | خەنزۇ تىلى | خەنزۇ يېزىقى | ئىسلام دىنى | 7.219·352 | ئاساسەن نىڭشيا، گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى، بېيجىڭ، خېبېي، خېنەن، شەندۇڭ، يۈننەن قاتارلىق جايلار ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى |
| دۇڭشياڭ | ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى | مۇڭغۇل تىلى ئائىلىسى | | دۇڭشياڭ تىلى | خەنزۇ يېزىقى | 〃 〃 〃 | 279·300 دىن ئارتۇق | گەنسۇ ئۆلكىسى دۇڭشياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق جايلار |
| تۇزۇ | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | | تۇزۇ تىلى | 〃 〃 〃 | ئاساسەن لاما دىنىغا، ئاز بىر قىسمى داۋجياۋ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ | 159 ·400 دىن ئارتۇق | ئاساسەن چىڭخەينىڭ خۇجۇتۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە مېنخې، داتوڭ قاتارلىق جايلار، ئاز بىر قىسمى چىڭخەي - نىڭ جەنۇبىي ۋە گەنسۇنىڭ تيەنجۇ ناھىيىسى قاتارلىق جايلار. |
| سالار | 〃 〃 〃 | تۈركىي تىللار ئائىلىسى | | سالار تىلى | خەنزۇ يېزىقى | ئىسلام دىنى | 69·100 دىن ئارتۇق | ئاساسەن چىڭخەينىڭ شۈنخوا سالار ئاپتونوم ناھىيىسى، خۇالۇڭ ناھىيىسى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا قاتارلىق جايلىرى |
| باۋئەن | 〃 〃 〃 | مۇڭغۇل تىلى ئائىلىسى | | باۋئەن تىلى | خەنزۇ يېزىقى | ئىسلام دىنى | 9·000 دىن ئارتۇق | ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشيانىڭ ئەربەيدىكى داخېجيا |
| يۇگۇر (سېرىق ئۇيغۇر) | 〃 〃 〃 | تۈركىي تىللار ئائىلىسى | | ياۋخۇر ئېنې - گېر خەنزۇ تىللىرى | | لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ ھەمدە ئاتا - بوۋىلىرىغا چوقۇنۇش ئادىتى بار | 10. 500 دىن ئارتۇق | ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسى سۇنەن، يۇگۇر ئاپتونوم ناھىيىسى |
| ئۇيغۇر | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | | ئۇيغۇر تىلى | ئۇيغۇر يېزىقى | ئىسلام دىنى | 5.957·112 | ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئاز بىر قىسمى خۇنەن گەنسۇ قاتارلىق جايلار |
| قازاق | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | | قازاق تىلى | قازاق يېزىقى | 〃 〃 〃 | 907· 500 دىن ئارتۇق | ئاساسەن شىنجاڭنىڭ شىمالىي،بىر قىسمى گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەر |
| قىرغىز | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | | قىرغىز تىلى | قىرغىز يېزىقى | ئاساسەن ئىسلام دىنىغا، ئاز بىر قىسمى لاما، شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. | 113· 600 دىن ئارتۇق | ئاساسەن شىنجاڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، يەركەن، تېكەس، مۇڭغۇلكۈرە خېي - لۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ فۇيۈ ناھىيىسى |
| شىبە | 〃 〃 〃 | مانجۇ تۇڭ - گۇس تىللىرى ئائىلىسى | مانجۇ تىلى تارمىقى | شىبە ۋە خەنزۇ تىلى | شىبە ۋە خەنزۇ يېزىقى | بىر قىسمى شامان دىنىغا، ئاز بىر قىسمى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. | 83 ·600 دىن ئارتۇق | ئاساسەن شىنجاڭ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە جىلىن ئۆلكىسى فۇيۈ ناھىيىسى، ئالدىنقى گورلوس مۇڭ - غۇل ئاپتونوم ناھىيىسى |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاجىك | ھىند - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى | ئىران تىلى ئائىلىسى | | تاجىك تىلى | ئۇيغۇر يېزىقى | ئىسلام دىنى | 26.500 دىن ئارتۇق | ئاساسەن شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاشقۇرغان قاتارلىق جايلار. |
| ئۆزبېك | ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى | تۈركىي تىللار ئائىلىسى | | ئۆزبېك ئۇيغۇر قازاق تىللىرى | ئۆزبېك ئۇيغۇر قازاق يېزىقى | ئىسلام دىنى | 12.400 دىن ئارتۇق | ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ئىلى، قەشقەر، ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، يەركەن قاتارلىق جايلار. |
| رۇس | ھىند - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى | سىلاۋ بىيان تىلى ئائىلىسى | سىلاۋىيان تىلى تارمىقى | رۇس تىلى | رۇس يېزىقى | ئورتودوكس | 2.900 دىن ئارتۇق | ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرى |
| تاتار | ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى | تۈركىي تىللار ئائىلىسى | | تاتار تىلى | تاتار يېزىقى | ئىسلام دىنى | 4.100 دىن ئارتۇق | ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرى |
| زاڭزۇ | خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى | زاڭزۇ - بىرما تىلى ئائىلىسى | زاڭزۇ تىلى تارمىقى | زاڭزۇ تىلى | زاڭزۇ يېزىقى | لاما دىنى | 3,870.068 | ئاساسەن شىزاڭ ۋە چىڭخەي، گەنسۇ، سىچۇەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكە رايونلار |
| مېنبا | خەنزۇ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى | زاڭزۇ بىرما تىلى ئائىلىسى | زاڭزۇ تىلى تارمىقى | مېنبا ۋە زاڭزۇ تىللىرى | زاڭزۇ يېزىقى | لاما دىنى | 6.200 دىن ئارتۇق | شىزاڭنىڭ سونا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى مېنيۈ رايونى ۋە مۇتولىنجى قاتارلىق ناھىيىلەر |
| لۇبا | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | بېكىتىلمىگەن | لۇبا تىلى | | «ئانىمىزىم» ۋە جىن - ئەرۋاھلارغا چوقۇنۇش تارقالغان | 2.000 دىن ئارتۇق | ئاساسەن شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي - جەنۇب قىسمىدىكى لويۇ رايونى، ئاز سانلىقى مىلىن، موتۇ، چايۇ، لوڭزى، لاڭشەن قاتارلىق ناھىيىلەر. |
| چياڭزۇ | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | چياڭزۇ تىلى تارمىقى | چياڭزۇ خەنزۇ تىللىرى | خەنزۇ يېزىقى | «ئانىمىزىم» قاتارلىق كۆپ خىل دىن تارقالغان. | 102.700 دىن ئارتۇق | ئاساسەن سىچۇەن ئۆلكىسى ماۋۋېن، چياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاز بىر قىسمى سۇڭپەن قاتارلىق جايلار |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يەزۇ | " " " | " " " | يەزۇ تىل تارمىقى | يەزۇ تىلى | يەزۇ يېزىقى | «ئانىمىزم» لىق تەبىئەتكە چوقۇنۇش ۋە ئاتا بوۋىسىغا چوقۇنۇش تارقالغان، ئاز قىسمى داۋجىياۋ، بۇددا، خىرىستىيان، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. | 5·453·448 | ئاساسەن سىچۇەن ئۆلكىسى لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە يۈننەن، گۇيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكە — رايونلار. |
| بەيزۇ | خەنزۇ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى | زاڭزۇ بىرما تىلى ئائىلىسى | يىزۇ تىلى تىل تارمىقى | بەيزۇ تىلى | خەنزۇ يېزىقى | بىر قىسمى داۋجىياۋ، بۇددا، ئاز قىسمى كاتولىك ۋە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ | 1·131·124 | ئاساسەن يۈننەننىڭ دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاز بىر قىسمى لىجياڭ، نۇجياڭ ۋە گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ بىجيې قاتارلىق جايلىرى |
| خانى | " " " | " " " | " " " | خەنزۇ تىلى | يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان خانزۇ يېزىقى | ئاساسەن «ئانىمىزم» لىق كۆپ خۇداغا چوقۇنۇش ۋە ئاتا بوۋىلىرىغا چوقۇنۇش تارقالغان | 1·058·836 | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسى خۇڭخې، موجياڭ، شىشۇاڭبەننا، جىياڭچېڭ قاتارلىق جايلار |
| دەيزۇ | " " " | جۇاڭزۇ دۇڭزۇ تىللىرى ئائىلىسى | جۇاڭزۇ دۇڭزۇ تىلى تارمىقى | دەيزۇ تىلى | دەيزۇ يېزىقى | ئاساسەن بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ | 839.700 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى شىشۇاڭبەننا، غەربىدىكى دېخۇڭ قاتارلىق جايلار |
| لىسۇزۇ | " " " | زاڭزۇ بىرما تىلى ئائىلىسى | يىزۇ تىلى تارمىقى | لىسۇزۇ تىلى | يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان لىسۇزۇ يېزىقى | ئاساسەن «ئانىمىزم» لىق جىن ئەرۋاھلارغا چوقۇنىدۇ، بىر قىسمى خىرىستىيان، كاتولىك دىنىغا ئىشىنىدۇ | 480·900 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى نۇجياڭ، لىجياڭ، دېچىڭ، دالى ۋە سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ شىچاڭ رايونى |
| ۋازۇ | جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسى | | | ۋازۇ تىلى | يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان ۋازۇ يېزىقى | ئاساسەن جىن ئەرۋاھلارغا چوقۇنىدۇ، بىر قىسمى ھىنايانا مەزھىپى ۋە خىرىستىيان دىنىغا ئىشىنىدۇ | 298.500 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ساڭيۈەن، لەنساڭ، گېڭما، مېڭلىيەن، شۇاڭجياڭ، جىڭگاڭ شىمېڭ، فىلچىڭ، سىماۋ قاتارلىق جايلار |
| لاخۇ | خەنزۇ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى | زاڭزۇ بىرما تىلى ئائىلىسى | يىزۇ تىلى تارمىقى | لاخۇ تىلى | يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان لاخۇ يېزىقى | ئاساسەن «ئانىمىزم» لىق تەبىئەتكە ۋە ئاتا بوۋىسىغا چوقۇنۇش مەۋجۇت | 304·100 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى سىماۋ، لەنساڭ، مېڭلىيەن قاتارلىق جايلار |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ناشى | " " " | " " " | " " " | ناشى تىلى | پېگىدىن ئىجاد قىلىنغان ناشى يېزىقى | دوڭبا، لاما، بۇددا، داۋجياۋ دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. | 245·100 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسى لىجياڭ ناشى ئاپتونوم ناھىيىسى، بىر قىسمى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يەنبيەن، يەنيۈەن مولى قاتارلىق جايلىرى. |
| جىڭپو | " " " | " " " | جىڭپو تىلى تارمىقى | جىڭپو تىلى | پېگىدىن ئىجاد قىلىنغان جىڭپو يېزىقى | ئاساسەن «ئانىمىزم»لىق جىن - ئەرۋاھلارغا چوقۇنىدۇ، ئاز بىر قىسمى خىرىستىيان، كاتولىك دىنلىرىغا ئىشىنىدۇ. | 93,000 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسى دېخوڭ دەيزۇ، جىڭپوزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى. |
| بولاڭ | جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسى | | | بولاڭ دەيزۇ تىللىرى | دەيزۇ يېزىقى | بىر قىسمى ھىنايانا مەزھىپىگە يەنە بىر قىسمى كۆپ خۇدالىق دىنغا ۋە ئاتا - بوۋىسىغا چوقۇنىدۇ. | 58·400 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسى شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تاغلىق رايونلىرى ۋە لەنساڭ شۇڭجياڭ قاتارلىق ناھىيىلىرى. |
| دۇلۇڭ | خەنزۇ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى | زاڭزۇ بىرما تىلى ئائىلىسى | جىڭپو تىلى تارمىقى | دۇلۇڭ تىلى | | «ئانىمىزم»لىق جىن - ئەرۋاھلارغا چوقۇنىدۇ، بەزىلىرى خىرىستىيان، كاتولىك دىنلىرىغا ئىشىنىدۇ. | 4·600 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى گۇڭشەن تېغى دۇلۇڭزۇ - نۇزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى. |
| جىنوزۇ | " " " | " " " | يىزۇ تىلى تارمىقى | جىنو تىلى | | ئاساسەن «ئانىمىزم»لىق جىن - ئەرۋاھلارغا، ئاتا - بوۋىلىرىغا چوقۇنىدۇ. | 11·900 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسى شىشۇاڭبەننا جىڭخۇڭشەن ناھىيىسىدىكى جىنولۇڭ رايونى. |
| مياۋزۇ | " " " | مياۋزۇ ياۋزۇ تىلى ئائىلىسى | مياۋزۇ تىلى تارمىقى | مياۋزۇ تىلى | پېگىدىن ئىجاد قىلىنغان مياۋزۇ يېزىقى | ئاساسەن «ئانىمىزم»لىق جىن - ئەرۋاھلارغا، ئاتا - بوۋىلىرىغا، خىرىستىيان كاتولىك دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. | 5·030·897 | ئاساسەن گۈيجۇ، ۋە خۇنەننىڭ شياڭشى رايونى، بىر قىسمى سىچۈەن، يۈننەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكە ۋە رايونلار. |
| بۇيى | " " " | جۇاڭزۇ دۇڭزۇ تىلى ئائىلىسى | جۇاڭزۇ دەيزۇ تىلى تارمىقى | بۇيى تىلى | پېگىدىن ئىجاد قىلىنغان بۇيى يېزىقى | ئاساسەن كۆپ خۇداغا ۋە ئاتا - بوۋىسىغا چوقۇنىدۇ. | 2·120·469 | ئاساسەن گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇيىزۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى بۇيىزۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلار. |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۇڭزۇ | خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى | جۇاڭزۇ دۇڭزۇ تىلى ئائىلىسى | دۇڭزۇ - شۇيزۇ تىلى تارمىقى | دۇڭزۇ تىلى | يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان دۇڭزۇ يېزىقى | ئاساسەن ئانىمىزىملىق كۆپ خۇداغا ۋە ئاتا - بوۋىسىغا چوقۇنىدۇ | 1.425.100 | ئاساسەن خۇنەن، گۇاڭشى، گۇيجۇ ئۆلكىلىرىنىڭ كېسىشكەن رايونلىرى. |
| شۇيزۇ | " " " | " " " | " " " | شۇيزۇ تىلى | | ئاساسەن ئانىمىزىملىق ئىلاھقا چوقۇنىدۇ، ئاز بىر قىسمى كاتولىك دىنىغا ئىشىنىدۇ. | 286.400 دىن ئارتۇق | ئاساسەن گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي، گۇاڭشىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى رايونلىرى. |
| گېلاۋزۇ | " " " | مياۋزۇ ياۋزۇ تىلى ئائىلىسى | بېكىتىلمىگەن | گېلاۋ تىلى | خەنزۇ يېزىقى | ئاساسەن ئاتا - بوۋىسىغا، تەبىئەتكە چوقۇنىدۇ | 53.800 دىن ئارتۇق | ئاساسەن گۇيجۇنىڭ غەرب قىسمى ۋە گۇاڭشى لوڭلىن مىللەتلەر ئاپتونوم ناھىيىسى قاتارلىق جايلار. |
| جۇاڭزۇ | " " " | جۇاڭزۇ دۇڭزۇ تىلى ئائىلىسى | جۇاڭزۇ دەيزۇ تىلى تارمىقى | جۇاڭزۇ خەنزۇ تىللىرى | يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان جۇاڭزۇ يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى | بىر قىسمى بۇددا دىنىي، داۋجياۋ دىنىي ياكى ئاتا - بوۋىسىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بەزىلىرى خىرىستىان، كاتولىك دىنىغا ئىشىنىدۇ. | 13.378.162 | ئاساسەن گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى، بىر قىسمى يۈننەن، گۇاڭدۇڭ، گۇيجۇ، خۇنەن قاتارلىق جايلار. |
| ياۋزۇ | خەنزۇ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى | مياۋزۇ ياۋزۇ تىلى ئائىلىسى | ياۋزۇ تىلى تارمىقى | ياۋزۇ تىلى | خەنزۇ يېزىقى | ئاساسەن كۆپ خۇداغا ۋە ئاتا - بوۋىسىغا چوقۇنىدۇ | 1.402.676 | ئاساسەن گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، گۇيجۇ، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ تاغلىق رايونلىرى، بولۇپمۇ گۇاڭشىنىڭ دایاۋشەن، شىۋەن، داشەن تاغلىرىدا ئەڭ كۆپ. |
| مۇلاۋزۇ | " " " | جۇاڭزۇ دۇڭزۇ تىلى ئائىلىسى | دۇڭزۇ شۇيزۇ تىلى تارمىقى | مۇلاۋ تىلى | خەنزۇ يېزىقى | بىر قىسمى بۇددا دىنىي ۋە داۋجياۋ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. | 90.400 دىن ئارتۇق | ئاساسەن گۇاڭشىنىڭ لوچېڭ، يىشەن، لياۋچېڭ، دۇئەن، شىنچېڭ قاتارلىق جايلىرى، ئاز بىر قىسمى خېچى، خۇەنجياڭ دېگەن قاتارلىق جايلار. |
| ماۋنەنزۇ | " " " | " " " | " " " | ماۋنەن تىلى | " " " | ئاساسەن ئاتا بوۋىسىغا، كۆپ خۇداغا ئېتىقاد قىلىدۇ ئاز قىسمى خىرىستىيان دىنىغا ئىشىنىدۇ. | 38.100 دىن ئارتۇق | ئاساسەن گۇاڭشىنىڭ خۇەنجياڭ، نەندەن، خېچى، يىشەن، دۇئەن قاتارلىق ناھىيىلىرى |
| جىڭزۇ | بېكىتىلمىگەن | بېكىتىلمىگەن | بېكىتىلمىگەن | جىڭزۇ تىلى | " " " | بىر قىسمى داۋجياۋ، ئاز بىر قىسمى كاتولىك دىنىغا ئىشىنىدۇ. | 11.900 دىن ئارتۇق | ئاساسەن گۇاڭشى فاڭچېڭ مىللەتلەر ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە چىنجۇ ناھىيىلىرى قاتارلىق جايلار. |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇجيا | خەنزۇ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى | مياۋزۇ ياۋزۇ تىلى تائىلىسى | بېكىتىلمىگەن | تۇجيا تىلى، خەنزۇ تىلى | خەنزۇ يېزىقى | ئاساسەن جىن ئەرۋاھلارغا ۋە ئاتا - بوۋىلىرىغا چوقۇنىدۇ. | 2·832·743 | ئاساسەن خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭشى تۇجيازۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە خۇبېي، سىچۈەننىڭ بىر قىسىم رايونلىرى |
| لىزۇ | خەنزۇ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى | جۇاڭزۇ-دۇڭزۇ تىلى تائىلىسى | لىزۇ تىلى تارمىقى | لىزۇ تىلى | يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان لىزۇ يېزىقى | 〃 〃 〃 | 817·500 دىن ئارتۇق | ئاساسەن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خەينەنداۋ ئارىلى |
| شېزۇ | 〃 〃 〃 | مياۋزۇ ياۋزۇ تىلى تائىلىسى | مياۋزۇ تىلى تارمىقى | شېزۇ تىلى | خەنزۇ يېزىقى | ئاتا - بوۋىسىغا، كۆپ خۇداغا ئىشىنىدۇ، بىر قىسمى بۇددا دىنىغا ئىشىنىدۇ. | 368·800 دىن ئارتۇق | ئاساسەن فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە جياڭشى، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر |
| گاۋشەن | جەنۇبىي ئاراللار تىللىرى سىستېمىسى | | | گاۋشەن تىلى | | ئاساسەن روھ، ئەرۋاھقا، ئاتا - بوۋىسىغا ۋە توتېمغا چوقۇنىدۇ، بەزىلەر خىرىستىيان دىنىغا ئىشىنىدۇ. | 1·500 دىن ئارتۇق | ئاساسەن تەيۋەن ئۆلكىسى، بىر قىسمى فۇجيەن، ئاز بىر قىسمى ۋۇخەن، بېيجىڭ قاتارلىق جايلار (جەدۋەلدىكى نوپۇس تەيۋەن ئۆلكىسىدىكى نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) |
| ئاچاڭ | خەنزۇ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى | زاڭزۇ بىرما تىللىرى تائىلىسى | تىل تارمىقى بېكىتىلمىگەن | ئاچاڭ تىلى | خەنزۇ يېزىقى | ئاساسەن «ئانىمىزم»لىق جىن - ئەرۋاھ - ۋە ئاتا - بوۋىسىغا چوقۇنىدۇ، بىر قىسمى بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە ئىشىنىدۇ | 20·400 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسى دېھۇڭ دەيزۇ - جىڭپوزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە. |
| پۇمى | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | چياڭزۇ تىلى تارمىقى | پۇمى تىلى | خەنزۇ يېزىقى | تەبىئەتكە ۋە ئاتا - بوۋىسىغا چوقۇنىدۇ، بىر قىسمى لاما دىنىغا ئىشىنىدۇ. | 24·200 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لىجياڭ، لەنپىڭ، ۋېيشى، يۇڭشېڭ، نىڭلاڭ ۋە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مولى، يەنيۈەن قاتارلىق جايلىرى. |
| نۇزۇ | 〃 〃 〃 | 〃 〃 〃 | بېكىتىلمىگەن | نۇزۇ تىلى | 〃 〃 〃 | «ئانىمىزم»لىق ئىلاھقا چوقۇنىدۇ، خىرىستىيان، كاتولىك، لاما دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار. | 23·100 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ نۇجياڭ، ئاز بىر قىسمى، ۋېيشى ناھىيىسى ئىچىدە. |
| بېڭلوڭ | جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسى | | | بېڭلوڭ تىلى دەيزۇ جىڭپوزۇ تىلى | | | 12·200 دىن ئارتۇق | ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ دېھۇڭ، لىنساڭ رايونى، ئاز ساندىكىسى يىڭجياڭ، رۇيلى، لۇڭچۈەن، باۋشەن، لياڭخې، گېڭما قاتارلىق جايلار. |

# مەنىداش سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ستىلىستىك رولى توغرىسىدا

ئارسلان ئابدۇللا

ستىلىستىك پائالىيەت تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن نۇتۇق-نى بېزەش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش جەريانى بولۇپ، بۇنىڭدىكى نېگىزلىك مەسىلە تىلدىكى ھەر خىل مەنىداش ۋاسىتىلارنى دەل مۇۋاپىق جايىدا تاللاپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. نۇتقىمىزنىڭ ستىلىستىكا تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەنىداش سۆزلەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆزئارا پەرقلىرى ۋە ستىلىستىك روللىرىنى بىلىش تولىمۇ زۆرۈر.

ئادەتتە، مەنىداش سۆزلەر «فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشىمايدىغان، ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ئوخشاش ياكى يېقىن سۆزلەر» دەپ تەبىرلىنىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، ئاھاڭداش سۆزلەرگە سېلىشتۇرۇلغان ھالدا بېرىلگەن تەبىر. ئەمەلىيەتتە، مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمى سۆزلەرنىڭ تاۋۇشى ئەمەس، بەلكى مەنا ئورتاقلىقى بولغاچقا، «فونېتىكىلىق شەكلى ئوخشىمايدىغان» دېگەن سۆزلەر ئارتۇقچە. مەيلى قانداقلا بولسۇن، مەنىداش سۆزلەرنىڭ تەبىرىدىن شۇ نەرسە بايقىلىدۇكى، مەنىداش سۆزلەر مەنىلىرى ئوخشاش سۆزلەر بىلەن مەنەلىرى يېقىن سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بىر پۈتۈن مەنىداش سۆزلەر (سىنونىملار) سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سىستېما ئىچىدىكى، ئالايلۇق، قولقاپ — پەلەي، چايدان — تېرمۇس، ئاچا — ھەدە دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزئارا ئالمىشالايدۇ. بۇنداق سۆزلەر «باراۋەر مەنىلىك سۆزلەر» ياكى «ئوخشاش مەنىلىك سۆزلەر» دېيىلىپ، مەنا، ئىشلىتىلىش ئورنى ھەم ئۇسلۇبى جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. ھېچقانداق ئالاھىدە ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ۋە تىلدا ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، بەدىئىي ئىپادىلەشتە ئىجابىي رول ئوينىيالمايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇنداق سۆزلەر مەنىداش سۆزلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ ۋە مەنىداش سۆزلەر سىستېمىسىدا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىيەلمەيدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە كۆپ توختالماستىن، مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئاساسىي بولغان، ستىلىستىك رولغا ئىگە بولغان يېقىن مەنىلىك سۆزلەر ئۈستىدىلا توختۇلىمىز.

يېقىن مەنىلىك سۆزلەرنىڭ باراۋەر مەنىلىك سۆزلەردىن پەرقى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىدراكى مەنىلىرى، تۈس مەنىلىرى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى ھەم ئۇسۇللىرىدا تۈرلۈك ئىنچىكە پەرقلەر بولۇپ، كونتېكىستتا شەرتسىز ئالماشتۇرۇۋېرىلمەيدۇ. ئالايلۇق، «كۆرمەك» ۋە «كۆزەتمەك» دېگەن سۆزلەر «مەلۇم شەيئى - ھادىسىگە نەزەر سالماق» دېگەندىن ئىبارەت ئورتاق مەنا ئاساسىغا ئىگە بولسىمۇ، مەنىلىرى يەنىلا پەرقلىنىدۇ، يەنى «كۆرمەك» سۆزى ئومۇمەن، «شەيئى - ھادىسىگە ئادەتتىكىچە نەزەر سېلىش»نى، «كۆزەتمەك» سۆزى ئومۇمەن، «شەيئى - ھادىسىگە دىققەت - ئېتىبار بىلەن نەزەر سېلىش»نى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، «مەغرۇرلانماق» ۋە «پەخىرلەنمەك» دېگەن سۆزلەر «بىرەر شەيئىدىن ياكى قازانغان نەتىجە - ئۇتۇقتىن سۆيۈنگەنلىك ۋە ماختانغانلىق»نى بىلدۈرسىمۇ، تۈس مەنىلىرى ئازدۇر - كۆپتۇر پەرقلىنىدۇ، يەنى «مەغرۇرلانماق» دېگەن سۆز بۇنداق سۆيۈنۈش ۋە ماختىنىشنىڭ سەل ئېشىپ، ئادەمدە كىبىر پەيدا بولغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ ۋە كۆپىنچە سەلبىي مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئەمدى، «ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك» دېگەن سۆزلەر «بىرەر ئىستەكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بولغان ئىنتىلىش»نى بىلدۈرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ھەم ئۇسۇلى ئاز - تولا پەرقلىنىدۇ، يەنى «ئۈمىد» سۆزىنى «كۈتمەك، قىلماق، ئۈزمەك» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئىشلەتكىلى بولسىمۇ، «ئارزۇ» ياكى «تىلەك» دېگەن سۆزنى «ئارزۇ كۈتمەك، تىلەك ئۈزمەك، ئارزۇ ئۈزمەك» دېگەندەك بىرىكمە شەكىللەردە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

دېمەك، يېقىن مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ھەر خىل مەنىلىرى ياكى ئىشلىتىلىشىدە تۈرلۈك ئىنچىكە پەرقلەر بولىدۇ.

يېقىن مەنىلىك سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي بولغىنى ۋە مەنىداش سۆزلەر ھەققىدە گەپ بولۇنغاندا باراۋەر مەنىلىك سۆزلەر كۆپىنچە نەزەردىن ساقىت قىلىنىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك، بايان قىلىشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، تۆۋەندە «مەنىداش سۆز» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنا دائىرىسىنى تارايتىپ، ئۇنى «يېقىن مەنىلىك سۆز» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىدا قوللىنىمىز.

مەنىداش (يېقىن مەنىلىك) سۆزلەرگە قىلىنغان يۇقىرىقى تەھلىلدىن مەنىداش سۆزلەردە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تىپنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

## 1 . ئىدراكى مەنىلىرى پەرقلىنىدىغان مەنىداش سۆزلەر

بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئىدراكى مەنىلىرىدە ناھايىتى زور ئورتاقلىق بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ھەر خىل نازۇك پەرقلەرمۇ بولىدۇ. بۇ پەرقلەر ئومۇمەن، سۆز مەنىسىنىڭ سالمىقى، چوڭقۇر - تېيىزلىكى، كەڭ - تارلىقى ۋە شۇ سۆزلەرنىڭ قارىتىلىش ئوبيېكتىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «قوغداش» ۋە

«ئاسراش» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدە «مەلۇم شەيئىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق» دېگەندىن ئىبارەت ئورتاقلىق بولسىمۇ، «قوغداش» سۆزىدە «قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچراتماسلىق» دېگەن مەنا ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ؛ «ئاسراش» سۆزىدە بولسا، «پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچراتماسلىق» دېگەن مەنا ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇ تىپتىكى مەنىداش سۆزلەر تۆۋەندىكى رەسىم بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.①




بۇنىڭدىكى A ۋە B دىن ئىككى چەمبەر ئىككى مەنىداش سۆزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشكەن قىسمى ئىدراكى مەنىلىرىدىكى ئوخشاشلىقنى، ئۆتۈشمىگەن (ئاق قالغان) قىسمى پەرقلەرنى بىلدۈرىدۇ.

### 2 . ئىدراكى مەنىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش، پەقەت تۈس مەنىلىرى پەرقلىنىدىغان مەنىداش سۆزلەر

مەسىلەن: «ئانا» ۋە «ئاپا» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىدراكى مەنىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش. بىراق، ئۇلار ئوبرازلىق تۈسنىڭ بار-يوقلۇقى جەھەتتىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ، يەنى «ئانا» سۆزى قويۇق ئوبرازلىق تۈس ئالغاچقا، «ئانا تىل، ئانا ۋەتەن، ئانا يۇرت» دېگەندەك بىرىكمىلەردە كېڭەيگەن ياكى كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ. لېكىن، «ئاپا» سۆزىدە بۇنداق تۈس يوق. دېمەك، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا پەرقى ئۇلار بىلدۈرگەن شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى شۇ سۆزلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ھېس - تۇيغۇسىغا، پوزىتسىيىسىگە بولغان ئىنكاسىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ تىپتىكى مەنىداش سۆزلەر تۆۋەندىكى رەسىم بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:




بۇنىڭدىكى A ۋە B دىن ئىبارەت ئىككى چەمبەر ئىككى مەنىداش سۆزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. چەمبەرلەرنىڭ ئىچى ئۇلارنىڭ ئىدراكى مەنىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاشلىقىنى، چەمبەرنىڭ ئەتراپىدىكى چېكىت ۋە پىلوسلار تۈس مەنىلىرىدىكى ياكى بۇنداق تۈس مەنىلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى جەھەتتىكى پەرقلەرنى بىلدۈرىدۇ.

### 3 . ھەم ئىدراكى مەنىلىرى، ھەم تۈس مەنىلىرى پەرقلىنىدىغان مەنىداش سۆزلەر

مەسىلەن: «چارە» ۋە «تەدبىر» دېگەن سۆزلەر ئىدراكى مەنىلىرى جەھەتتىن

① شىي ۋېنچىڭ ئەپەندىنىڭ «مەنىداش سۆزلەر» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى.

قارىغاندا، «مەلۇم بىر ئىشنى ھەل قىلىش ياكى مەلۇم مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى»نى بىلدۈرسىمۇ، يەنىلا قىسمەن پەرقلىنىدۇ، يەنى «تەدبىر» سۆزى ئومۇمەن، نۇقتىلىق ھالدا بىرەر ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئويلىنىش ئارقىلىق قوللىنىلغان ئەمەلىي ۋاسىتىنى بىلدۈرسە، «چارە» سۆزى ئومۇمەن، بىرەر ئىشنى بېجىرىش ياكى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، «تەدبىر» سۆزى چوڭراق ئىشلارغا قارىتىلسا، «چارە» سۆزى چوڭ - كىچىك ئىشلارغا قارىتىلىۋېرىدۇ. تۈس مەنىسىدىن قارىغاندا، «تەدبىر» سۆزى كۆپىنچە يېزىق تىلدا قوللىنىلىپ، يېزىق تىل تۈسىنى ئالغان، «چارە» سۆزى ھەم يېزىق تىلدا، ھەم جانلىق تىلدا ئوخشاش قوللىنىلىۋېرىدۇ.




بۇ تىپقا كىرىدىغان مەنىداش سۆزلەرنى تۆۋەندىكى رەسىم بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

بۇنىڭدىكى A ۋە B دىن ئىبارەت ئىككى چەمبەر ئىككى مەنىداش سۆزگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشكەن قىسمى ئىدراكى مەنىلىرىدىكى ئوخشاشلىقنى، ئۆتۈشمىگەن قىسمى پەرقلەرنى، چەمبەرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى چېكىت ۋە پىلۇسلار ئۇلارنىڭ تۈس مەنىلىرىدىكى پەرقلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، مەنىداش سۆزلەر يۇقىرىقىدەك ئۈچ تىپقا بۆلۈنىدۇ. لېكىن مەنىداش سۆزلەرنىڭ بۇ ئۈچ تىپتىن قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا قانداق سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مەنىداش ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىپ چىقىش ئۇ قەدەر ئاسان ئەمەس. شۇڭا، ئاۋال مەنىداش سۆزلەر بىلەن مەنىداش بولالمايدىغان سۆزلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىپ چىقىشقا، قىسقىسى، مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا، مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە؟ سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مەنىداش بولۇشى ئۈچۈن، سۆز مەنىلىرىدە چوقۇم ئورتاقلىق بولۇشى كېرەك. بۇ ئورتاقلىق سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مەنىداش بولۇشىدىكى ئاساس. شۇنداق ئىكەن، مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئۆلچىمى سۆز مەنىلىرىدىكى شۇ ئورتاقلىقتۇر.

سۆز مەنىسى لېكسىكىلىق مەنا بىلەن گراماتىكىلىق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، مەنىداش سۆزلەرنىڭ ھاسىل بولۇشىدا پەقەت لېكسىكىلىق مەنا ئاساس قىلىنىپ، گراماتىكىلىق مەنىلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان تەركىبىي قىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى كۆزىتىلىدۇ. مەلۇمكى، لېكسىكىلىق مەنا سۆزلەرنىڭ ئىدراكى مەنىسى بىلەن تۈس (ھېسسىي) مەنىلىرىنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلىدۇ. سۆزنىڭ ئىدراكى مەنىسى بىر سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئۇقۇمنىڭ مېغىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، لېكسىكىلىق مەنىنىڭ ئاساسىي ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ، «ئاساسىي مەنا» ياكى «تۈپ

مەنا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۆزنىڭ تۈس مەنىلىرى بولسا، ئىدراكى مەنىگە بېقىنغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھېسسىي مەنىلەردىن ئىبارات بولۇپ، ئۇ بەزى سۆزلەردە مەۋجۇت بولسىمۇ، بەزى سۆزلەردە مەۋجۇت ئەمەس. دېمەك، سۆزنىڭ تۈس مەنىسى تۈپ مەنىگە نىسبەتەن بېقىندا (قوشۇمچە) ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ «قوشۇمچە مەنا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بايانلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، بىرقانچە سۆزنىڭ قوشۇمچە مەنىلىرىلا ئوخشاش بولۇپ، تۈپ مەنىلىرى ئوخشىمىسا، ياكى تۈپ مەنىلىرىدىكى ئوخشاشلىق ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىمىسە، بۇنداق سۆزلەر مەنىداش سۆز بولالمايدۇ. مەسىلەن: تىلىمىزدىكى «خىزمەت»، «بۇرچ» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ تۈپ مەنىلىرىدە «كىشىلەر مەشغۇل بولىدىغان مەلۇم بىر ئىش» دېگەندىن ئىبارەت ئورتاقلىق بولسىمۇ، بۇ ئورتاقلىق شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە نىسبەتەن ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىمىگەچكە، ئۇلارنى مەنىداش سۆز دېيىشكە بولمايدۇ. يەنى، «خىزمەت» سۆزى «كىشىلەر شۇغۇللىنىدىغان مەلۇم بىر ئىش ياكى كەسىپ» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسە، «بۇرچ» سۆزى «كىشىلەر قانۇنى يوسۇندا ياكى ئەخلاقىي جەھەتتە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەت» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى سۆزلەرمۇ مەنىداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: «كىيىم»، «چاپان» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدە «ئادەم بەدىنى ياكى تەننىڭ مەلۇم قىسمىنى يېپىش ئۈچۈن كىيىدىغان نەرسە» دېگەندىن ئىبارەت ئورتاقلىق بولسىمۇ، بۇ سۆزلەر بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولغىنى، يەنى بۇ سۆزلەردىن ئىپادىلەنگەن ئۇقۇملار جىنس بىلەن تۈر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇقۇملارنىڭ مېغىزى ئوخشاش بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى مەنىداش سۆز دېيىشكە بولمايدۇ.

مەنىداش سۆزلەردىكى پەرقلەرنى بىلىش ئۇلارنى توغرا ئىشلىتىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى، مەنىداش سۆزلەردە ئومۇمەن، تۆۋەندىكىدەك پەرقلەر بولىدۇ:

1) تۈپ مەنىلىرىدىكى پەرقلەر:

A . بەزى مەنىداش سۆزلەر مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىكى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ:

مەسىلەن: «ئۇرماق» ۋە «دۇمبالىماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «قول ياكى باشقا ۋاستە بىلەن تەنگە زەربە بەرمەك» دېگەن ئاساسى مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، «دۇمبالىماق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى چوڭقۇرراق. چۈنكى، بۇ ئىككى سۆزدىن ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. «يالۋۇرماق — يېلىنماق — ئۆتۈنمەك» دېگەن سۆزلەرمۇ مەنىلىرىنىڭ تېيىز - چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

B . بەزى مەنىداش سۆزلەر مەنا دائىرىسىنىڭ كەڭ - تارلىقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ:

مەسىلەن: «ئۇرۇش» ۋە «جەڭ» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «قوراللىق كۈچلەرنىڭ قانلىق توقۇنۇشى» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، «ئۇرۇش» سۆزىنىڭ مەنا دائىرىسى «جەڭ» سۆزىنىڭكىدىن كەڭ. چۈنكى، «ئۇرۇش» سۆزى «قوراللىق كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زور كۆلەملىك توقۇنۇش»نى، «جەڭ» سۆزى بولسا، «قوراللىق كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆلىمى نىسبەتەن كىچىك، داۋاملاشقان ۋاقتى قىسقىراق توقۇنۇش»نى بىلدۈرىدۇ:

C . بەزى مەنداش سۆزلەر بىر مەنىلىك ياكى كۆپ مەنىلىكلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ:

مەلۇم بىر گۇرۇپپىدىكى مەنداش سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى بىر مەنىلىك، بەزىلىرى كۆپ مەنىلىك بولۇپ، شۇ كۆپ مەنىلىك سۆز بەزى چاغلاردا باشقا سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە يەنە ئايرىم بىر مەنداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، مانا بۇ مەنداش سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر پەرقتۇر. ئالايلۇق، «تېز — ئىلدام — ئىتتىك — چاپسان — چاققان» دېگەن سۆزلەر بىر گۇرۇپپىدىكى مەنداش سۆزلەر بولۇپ، بۇلار ئىچىدىكى «ئىتتىك، چاققان» دېگەن كۆپ مەنىلىك سۆزلەر يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئۆتكۈر — كەسكۈر» ۋە «ئىخچام — يىغىنچاق» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرلىكتە ئىككى مەنداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

2) تۈس مەنىلىرىدىكى پەرقلەر

مەنداش سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىلىرىدىكى پەرقلەر ئاساسەن ھېسسىي تۈس، ئوبرازلىق تۈس، ئۇتۇق ستىلى جەھەتتىكى تۈس ۋە يەرلىك تۈس قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

A . بەزى مەنداش سۆزلەر ھېسسىي تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ:

كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى، غەزەپ - نەپرىتى، قايغۇ - ھەسرىتى، ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئۆچمەنلىكى، قىسقىسى، تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلىرى سۆزلەردە ئىپادىلىنىش نەتىجىسىدە، بىر مۇنچىلىغان سۆزلەر ھېسسىي تۈسكە ئىگە بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى سۆزلەردە ئوبيېكتىپ شەيئى - ھادىسىلەر ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ شۇ شەيئى - ھادىسىلەرگە بولغان تۈرلۈك سۇبيېكتىپ باھالىرىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بىر قىسىم سۆزلەر ئىجابىي تۈسكە، بىر قىسىم سۆزلەر سەلبىي تۈسكە ئىگە بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم سۆزلەر ھەم ئىجابىي، ھەم سەلبىي تۈس ئالمايدۇ. مەسىلەن: «يۈز، چىراي، بەت، بەشرە، ھۆسۈن، جامال» دېگەن سۆزلەر بىر مەنداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئۇلار ھېسسىي تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، يەنى «ھۆسۈن، جامال» دېگەن سۆزلەر ئومۇمەن ئىجابىي تۈس ئالغان؛ «بەشرە» سۆزى سەلبىي تۈس ئالغان؛ قالغانلىرى ھېسسىي تۈس ئالمىغاچقا، ھەم ئىجابىي، ھەم سەلبىي مەنىدە قول-

لىنىلىۋېرىدۇ. «ئۆلۈك — مۇردا — جەسەت» دېگەن سۆزلەرمۇ ھېسسىي تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

B . بەزى مەنىداش سۆزلەر ئوبرازلىق تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ:

بەزى سۆزلەر ئاساسىي مەنىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، ئۆزى بىلدۈرگەن ئوبيېكتىپ شەيئى - ھادىسىنىڭ كونكرېت ئوبرازى ھەققىدىكى چۈشەنچىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. سۆزلەرنىڭ ئىدراكى مەنىسى ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن بۇنداق ئوبراز چۈشەنچىسى سۆز مەنىلىرىدىكى ئوبرازلىق تۈس بولۇپ، ئۇ، ئاساسەن، ئوخشىتىش، تەقلىد قىلىش يولى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئوبرازلىق تۈس مەنىداش كەلگەن بىرقانچە سۆزنىڭ ھەممىسىدە يا بەزىلىرىدىلا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەلۇم بىر گۇرۇپپىدىكى مەنىداش سۆزلەر يا ئوبرازلىق تۈسنىڭ بار-يوقلۇقى، ياكى ئوبرازلىق تۈسنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: «ھىيلىگەرلىك قىلماق» ۋە «تۈلكىلىك قىلماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «نەيرەڭ ئىشلەتمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، بۇ مەنا «تۈلكىلىك قىلماق» دېگەن سۆزدە تۈلكىنىڭ قۇۋلۇقىغا تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەچكە، ئۇنىڭدا تۈلكىدىن ئىبارەت بۇ قۇۋ ھايۋاننىڭ كونكرېت ئوبرازى، توغرىسىدىكى چۈشەنچىمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى سۆز ئوبرازلىق تۈسنىڭ بار - يوقلۇقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

3) ئىشلىتىلىشىدىكى پەرقلەر

مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك پەرقلىرى تۈپەيلى ھاسىل بولۇپ، ئاساسەن باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «يۈرەك — قەلب — كۆڭۈل» دېگەن سۆزلەر بىر گۇرۇپپىدىكى مەنىداش سۆزلەر بولسىمۇ، ئۇلار باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، يەنى «يۈرەك» سۆزى «تاش، چوڭ» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، «تاش يۈرەك، يۈرىكى چوڭ» دېگەن بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلالايدۇ. لېكىن «كۆڭۈل، قەلب» سۆزلىرى بۇ سۆزلەر بىلەن بىرىكەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، «كۆڭۈل» سۆزىنى «بۇزۇلماق، ئالماق» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈپ، «كۆڭلى بۇزۇلماق، كۆڭلىنى ئالماق» دېيىشكە بولسىمۇ، «يۈرەك، قەلب» سۆزلىرىنى شۇ سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ:

ئومۇمەن، مەنىداش سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ناھايىتى ئىنچىكە ھەم مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنى ئىشلەتكەندە بۇ پەرقلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

مەنىداش سۆزلەرنىڭ رولىغا كەلسەك، بىر تىلدا مەنىداش سۆزلەر قانچىكى كۆپ بولسا، شۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىمۇ شۇنچىكى باي، ئىپادىلەش ئىقتىدارىمۇ شۇنچىكى يۇقىرى بولغان بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەنىداش سۆزلەر بىر تىلنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلى-

نىدۇ. چۈنكى، مەلۇم بىر شەيئى، مەلۇم بىر ئۇقۇمنى بىرقانچىلىغان مەنىداش سۆزلەر بىلەن بىلدۈرۈش ئارقىلىق، شۇ شەيئى، شۇ ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ئىنچىكە پەرقلەرنى توغرا، ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ كۆپلىگەن يازغۇچى-شائىرلار مەنىداش سۆزلەرنى كۆپلەپ ئىگەللەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. سەۋەب — مەنىداش سۆزلەر قانچىكى كۆپ ئىگەللەنسە، يازغۇچىنىڭ سۆز تاللاش دائىرىسى شۇنچىكى كېڭىيىپ، كونتېكىستتا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى توغرا تەسۋىرلەش ۋە پىكىر-ھېسسىياتلىرىنى ئەينەن ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەكسىچە، مەنىداش سۆزلەر كۆپ ئىگەللەنمىسە، سۆز تاللاش دائىرىسى تار بولۇپ قالىدۇ-دە، ئوي-پىكىر تولۇق، ئەينەن ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. دېمەك، مەنىداش سۆزلەرنى بېيىتىش مەيلى مىللىي تىلنىڭ تەرەققىياتىدا بولسۇن، ياكى يازغۇچىنىڭ تىل سەنئىتىدە بولسۇن، تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەنىداش سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ستىلىستىك روللارنى ئوينايدۇ:

1 . مەزمۇننى توغرا، ئەينەن ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئۆمەر سازەندە: مېھمانلارنى قەيەردىن سورىساق بولاركىن؟

ئابدۇرېشىتخان: شەھەردىن، ئېتىمىزنى ئۇۋچى دەپ قويسىلا بولىۋېرىدۇ. ئوردىدا، ياق، شەھەردە زېرىككەندىن كېيىن شىكارغا، ھە، ھە، يەنى ئۇۋغا چىقىپ تاماشا قىلىش كىشىگە ئىلھام بەخش قىلىدۇ.

ئۆمەر سازەندە: شىكارغا چىقىش يامان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە...①

بۇ مىسالدا شىكاردىن يانغاچ، مۇقام ئاڭلاش نىيىتىدە مەھمۇد ئوتتۇنچىنىڭكىگە كىرگەن ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆمەر سازەندىگە پۇقرا سۈپىتىدە تونۇشتۇرغانلىقى، لېكىن سۆھبەت داۋامىدا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى ۋە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بىلىۋالغان ئۆمەر سازەندىنىڭ قەستەن «ئوردا سۆزى» ئىشلەتكەنلىكىنى «شىكار» ۋە «ئوۋ» دېگەن مەنىداش سۆزلەرنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىش ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. مەلۇمكى، «شىكار»، «ئوۋ» سۆزلىرى ئوخشاشلا «ئوۋ پائالىيىتى»نى بىلدۈرىدۇ، «شىكار» سۆزى پادىشاھ ۋە ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ ئوۋ پائالىيىتىنى، «ئوۋ» سۆزى بولسا، پۇقرالارنىڭ ئوۋ پائالىيىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. بۇنى يۇقىرىقى مىسالدىنمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئۆزىنى پۇقرا كۆرسىتىش ئۈچۈن، دەسلەپتە «ئېتىمىزنى ئۇۋچى دەپ قويسىلا بولىۋېرىدۇ» دەيدۇ. لېكىن گەپ ئارىسىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن

① سەيپىدىن ئەزىزى «ئامانىساخان»

«شىكارغا» دەۋېتىپ، يەنە «ئوۋغا» دەپ تۈزىتىۋالىدۇ. بىراق، بۇ سۆزلەردىن ئۆمەر سازەندە ئۇنىڭ ئورىدا ئەمەلدارى ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭ ئۆز سۆزىنى تۈزەتكىنىگە قارىماي، يەنە ئەتەيگە «شىكارغا چىقىش يامان ئىش ئەمەس» دەيدۇ.

2 . پىكىر - ھېسسىياتنىڭ تۈرلۈك نازۇك پەرقلەرنى ئېنىق ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

مەنىداش سۆزلەر كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ روھىي ھالەتلىرى، تۈرلۈك ھېسسىياتلىرى ۋە ئۇلاردىكى ھەر خىل ئىنچىكە پەرقلەرنى ئېنىق ئىپادىلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: — ئۇنداق بولسا، شەرۇللا بوۋاينىڭ بېشىنى يېرىپ، ياقۇپ ياساۋۇلنى بوغۇزلىۋەتكەن «ئەرۋاھ» بىزگە ئوخشاش تىرىك ئادەممۇ نېمە؟①

مەلۇمكى «بوغۇزلىماق» سۆزى «ئۆلتۈرمەك» سۆزى بىلەن مەنىداش بولۇپ، كۆپىنچە ھايۋانلارغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن ئاپتور بۇ يەردە «ئۆلتۈرمەك» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا «بوغۇزلىماق» سۆزىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدىكى تايانچى كۈچلەردىن بىرى — ئامانقۇلنىڭ جاسۇس ياقۇپ ياساۋۇلغا بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرىتى، قىساس ئېلىش ھېسسىياتىنى ۋە ئىمامىلىق تونىنى كىيىۋالغان يەنە بىر جاسۇسنىڭ ئۆز نىقابىنىڭ يىرتىپ تاشلىنىشىدىن قورقۇپ، ياقۇپ ياساۋۇلنى ناھايىتى ۋەھشىلىك بىلەن ئۆلتۈرۋەتكەنلىكىنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەگەر «بوغۇزلىماق» سۆزىنىڭ ئورنىدا «ئۆلتۈرمەك» سۆزى ئىشلىتىلگەن بولسا، ئامانقۇلنىڭ ھېسسىياتى ۋە قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان جاسۇسنىڭ ياقۇپ ياساۋۇلنى ئۆلتۈرۈشىدىكى چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىلىكى بۇنداق ئېنىق ھەم گەۋدىلىك ئىپادىلەنمىگەن بولاتتى.

3 . نۇتۇقنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ

مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنا ئورتاقلىقى ۋە ئۆزئارا ئالماشلايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى نۇتۇقنىڭ رەڭدار، جانلىق بولۇشىغا، ئەكسىنچە سۆزلەرنى تەكرار ئىشلىتىپ، نۇتۇقنى تېتىقسىزلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىشقا زور ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

«كۈن بويى ئاھ دەپ يۈرۈپ، ۋاھ دەپ يۈرۈپ،
تۈن بويى پەرياد بىلەن پاھ دەپ يۈرۈپ،
سارغىيىپ چىرايىمۇ بوپتۇ سامان،
راست ئەمەسمۇ «ھەممىدىن كۆيۈك يامان»...

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىدىن.

«بىر كۆنى قورغان بېشىدا بەنت ئانا،
جەڭ ئىشىغا جان بىلەن پەيۋەنت ئانا،
بىر قاراپ مەيدان ئارا هاڭ - تاڭ بولۇپ،
هېچ ئىشەنمەي كۆزىگە هەيران بولۇپ»...①

بۇ مىساللاردىكى «ئاھ — ۋاھ — پاھ» ۋە «هاڭ - تاڭ بولماق — هەيران بولماق» دېگەن مەنىداش سۆزلەر ناهايىتى ئورۇنلۇق ئىشلىتىلگەچكە، نۇتۇق رەڭدار، جانلىق تۈس ئالغان.

4 . ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىپ، مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ

مەسىلەن:

«...بىگىم، گەرچە ئاچچىقلانسىڭىزمۇ ئېيتىشقا مەجبۇرمەن: سىزدە ۋىجدان، ئىنساپ، رەھىم، ۋەدە، ۋاپا، ياخشىلىقنى بىلىش، قىسقىسى، ئادەمگەرچىلىكتىن ھېچبىر ئەسەر يوق ئىكەن. ئەكسىچە، سىز هىيلىگەر بىر تۈلكە، ئاغزى قان بىر بۆرە، رەھىمسىز بىر جاللات ۋە نومۇسسىز بىر يىگىت!

سىزنى هىيلىگەر دېدىم: يادىڭىزدا بارمۇ، ساددا ئاتامنى، گول ئانامنى قانداقلار قىلىپ ئالدىغانلىقىڭىز؟ ئېسىڭىزدە بارمۇ، چىراق يېنىدا مېنى ئالداپ قىلغان گەپلىرىڭىز، بەرگەن ۋەدىلىرىڭىز، «مېنىڭ ئارزۇيۇم» دەپ قىلغان خىتابلىرىڭىز، تۆككەن كۆز ياشلىرىڭىز؟ بەس، بۇ هىيلىلەر، بۇ مىكىرلەر سىزدىن باشقا كىمدىن تېپىلسۇن؟»②

بۇ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىكى كۈمۈش بىبىنىڭ ئاتابېككە يازغان خېتى بولۇپ، بۇنىڭدا مەنىداش سۆزلەر قاتار ئىشلىتىلگەچكە، بىرىنچىدىن، ئىنتوناتسىيە كۈچەيتىلگەن؛ ئىككىنچىدىن، رومانىدىكى سەلبىي ئوبراز — هامىدنىڭ هىيلە - نەيرەڭلىرى تۈپەيلى كۈمۈش بىبىدە پەيدا بولغان قاتتىق ئۆكۈنۈش، خورسىنىش ۋە ئاتابېككە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئومۇمەن، مەنىداش سۆزلەرنى قاتار ئىشلىتىش ئارقىلىق يەنە مەزمۇننى تولۇقلاپ، ئىزاهلاپ، كۈچەيتىپ ۋە سېلىشتۇرۇپ ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، مەنىداش سۆزلەرنى قاتار ئىشلەتكەندە، ئىپادىلەش ئېھتىياجى نەزەردە تۇتۇلۇشى لازىم.

يۇقىرىدا بىز تىل سىستېمىسىدىكى مەنىداش سۆزلەر ئۆلارنىڭ ستىلىستىك رولى ھەققىدە يۈزەكى توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەگەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا كۆزىتىدىغان بولساق، سۆزلەردىكى مەنىداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تىل سىستېمىسىنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس، نۇتۇق ئەمەلىيىتىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بىراق، سۆزلەردىكى بۇنداق مەنىداشلىق مۇناسىۋەتلەر خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلىق بولۇپ، ئالدىنقىسى لېكسىكولوگىيە

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»
② ئابدۇللا قادىرى: «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىن.

دائىرىسىگە كىرىدۇ ۋە «لېكسىكىلىق مەنىداش سۆزلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ كېيىنكىسى ستىلىستىكىدا دائىرىسىگە كىرىدۇ ۋە «ستىلىستىكا مەنىداش سۆزلەر» ياكى «ۋاقىتلىق مەنىداش سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەسلى مەنىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، لېكىن ستىلىستىكا ئېھتىياجى بىلەن مەلۇم كونتېكستتا ۋاقىتىنچە مەنىداشلىق مۇناسىۋەتكە كىرىپ، ئۆزئارا ئالمىشالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان سۆزلەر ستىلىستىك مەنىداش سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

— سىز تاغدىكى ئىسيانچىلارنى تېزرەك تەسلىم قىلدۇرساق. بۇ ئىش ئۆزلۈكىدىن تۈگەيدۇ دېمەكچى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنىڭ تەتۈرىنى قىلىمەن. يەنى ئاۋال نورۇز داموللىنى زىنداندىن بوشۇتۇپ، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرىمەن. ھەتتا نورۇز داموللىنى قۇمۇل دىيارىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاخۇنى قىلىپ بەلگىلەش توغرىسىدا شاھمەخسۇت ۋاڭغا تەكلىپ بېرىمەن. نورۇز داموللىغا ئىلتىپات كۆرسەتمەكلىك بىلەن بىزنىڭ بىر تال مويىمىزمۇ خوراپ قالمايدۇ. بۇنىڭ تەتۈرىسىچە، شەھەر - يېزىلار تىنجىپ، بۇ يەردىكى پۈتلىكاشاڭ تۈگەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تاغدىكى يولۋاس بىزنىڭ قاپقىنىمىزغا ئاسانىراق چۈشىدۇ...①

بۇ مىسالدىكى «ئىسيانچى»، «يولۋاس» دېگەن سۆزلەرنى مۇشۇ كونتېكستتىن ئايرىپ قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىدە ھېچقانداق ئورتاقلىق يوق. لېكىن مۇشۇ كونكرېت تىل شارائىتىدا ئۇلار ئەينى بىر ئوبيېكتنى بىلدۈرگەن ۋە ئۆزئارا شەرتلىك يوسۇندا ئالمىشالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. شۇڭا، ئۇلار ستىلىستىك مەنىداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

ستىلىستىك مەنىداش سۆزلەر ئومۇمەن، تۆۋەندىكىدەك ستىلىستىك ئېھتىياجلار بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

1 ) نۇتۇقنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئېھتىياجىدىن:

ئوبرازچانلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نۇتۇقتا گەپ - سۆزلەرنىڭ جانلىق، كونكرېت بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۈرلۈك ستىلىستىك ۋاسىتىلار ياردىمى بىلەن سۆزلەرنى ۋاقىتىنچە مەنىداشلىق مۇناسىۋەتكە كىرگۈزۈش ناھايىتى مۇھىم. مەسىلەن:

1 ) ئۇ شۇ يۇرتتا بىر مۇساپىر ھالىدا.
كۈن كۆرۈپتۇ نەچچە كۈنلەر خالىدا.
بىر كۈنى مىرشاپ تېپىپ بۇنىدىن خەۋەر،
تۇتقىلى نەۋكەر بىلەن كەپتۇ سەھەر.

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، «ئىز» رومانىدىن.

شۇندا ئۇ بىر نەچچىسىنى تاش بىلەن،
بەزىسىنى مۇشت ۋە پەشۋا باش بىلەن.
يىقىتىپ قىلغاچ تامام زىرۇ - زەۋەر،
پادىشاھقا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر.①

‹2› — ۋاھ! قاراڭلار بۇنى! بۇرۇت قويۇۋاپتۇ تېخى! — دېگەن بىر تۇرلۇك ئا-جايىپ زىل ئاۋاز تۇيۇقسىزلا ئاڭلاندى. مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتەردىم. ياڭاقلىرى چىقىپ تۇرغان، لەۋلىرى ياغاق، 50 ياشلارغا كىرگەن بىر ئايال مېنىڭ ئالدىمدا قوللىرىنى بېقىنىغا تايىنىپ، چاتىرىقىنى كېرىپ تۇراتتى، ئۇ ئالدىغا پەشتاما تارتىمغان ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ قىياپىتى كەڭ ئېچىلغان سىركولغا ئوخشايتى...

مەن شۇ چاغدىلا ئېسىمگە ئالدىم. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك بالا ئىدىم. ياڭ ئېرساۋ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇدۇلىمىزدىكى دۇفۇ دۇكىنىدا ئولتۇراتتى. ھەممە ئا-دەم ئۇنى «دۇفۇچى شىسى مەلىكە» دېيىشەتتى. لېكىن ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇپا سۇرۇلگەن، ياڭاقلىرى بۇنداق چىقىپ كەتمىگەن ۋە لەۋلىرىمۇ بۇنداق ياغاق ئە-مەس ئىدى. ئۇ كۈن بويى دۇكاندا ئولتۇراتتى. شۇڭلاشقىمۇ مەن ئۇنىڭ مۇنداق «سىر-كول»غا ئوخشاش قىياپىتىنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن...

«سىركول» ناھايىتى ئەنسىز تۇراتتى. ئۇنىڭ ماڭا بولغان نارازىلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ناپالېئون توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيدىغان فرانسوزلارنى ياكى ۋاشىنگتون توغرىسىدا ھېچنەرسە ئاڭلىمىغان ئامېرىكىلىقلارنى مازاق قىلغاندەك بىر ئەلپاز بىلەن سوغۇققىنە كۈلۈمسىرەپ:

— ئۇنتۇپ قاپسەن - دە؟ «ئېسىڭنىڭ ئوقۇرى ئىگىز» دېگەن مانا شۇ... — دېدى...②

(1) مىسالدىكى زىر، زەۋەر» دېگەن سۆزلەر ئەسلىدە ئەرەب يېزىقىدىكى دىئاك-رىتىك بەلگىلەرنى، يەنى ھەرپلەرنىڭ ئاستى - ئۈستىگە قويۇلىدىغان بەلگىلەرنى بىلدۈ-رىدىغان سۆزلەر بولسىمۇ، مۇشۇ كونكرېت تىل شارائىتىدا «يەر بىلەن يەكسەن قىلى-ۋەتمەك»، «ئوڭ - تەتۈر ياتقۇزىۋەتمەك» دېگەنلەر بىلەن ۋاقىتلىق مەنىداشلىق مۇناسى-ۋەتكە كىرىپ، نەۋكەرلەرنىڭ پالۋان يىگىتتىن قاتتىق زەربە يەپ، بىرىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىرىنىڭ ئوڭ - تەتۈر يېتىپ كەتكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.
(2) مىسالدىكى «ئايال»، «ياڭ ئېرساۋ»، «سىركول» دېگەن سۆزلەرمۇ مۇشۇ كونتېكستتا ئۆزئارا سىتىلىستىك مەنىداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى «ئايال» سۆزى ھەرقانداق بىر ئايال كىشىنى ئەمەس، پەقەت «ياڭ ئېرساۋ»نى، «سىركول» سۆزىمۇ

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئولۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك».
② لۇشۈن: «يۇرتۇم»

يەنە شۇ ياك ئېرساۋنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «سېركول» سۆزى ياڭ ئېرساۋنىڭ تەقى - تۇرقىنى ناھايىتى ئوبرازلىق، كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە نۇتۇققا يۇمۇرىستىك، كىنايىلىك تۈس بەرگەن.

2) ھېسسىياتنى توغرا ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن:

نۇتۇق ئەمەلىيىتىدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇرەككەپ پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى توغرا، تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن، سۆزلەرنى جانلىق ئىشلىتىش، سىپايىلاشتۇرۇش، ئىجابىي - سەلبىي تۈسكە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ۋاقىتلىق مەنىداش سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئەلا، خاپا بولماڭ، جېنىم، مەن شىنجاڭغا ماڭىدىغان بولۇپ قالدىم. ھېلىقى لەنجۇ ئايرودرومىدىكى مىللىي ليوتچىكلارنى بىلىسىزغۇ، رەقىپكام شۇلارنىڭكىگە بارغانكەن، بىزنى (شىنجاڭدىن تاۋۇز توشىغىلى بارىدىغان) ئايروپىلانغا پۇلسىز سېلىپ قويىدىغان بوپتۇ. بىر ئايغا قالماي قايتىپ كېلىمەن...

ئەلا، بۈگۈن مەن خېلى خۇش، ئاتا - ئانامنى كۆرۈدىغان بولدۇم. كىچىك ئاپىڭىزنى يوقلايمەن. ئۈچ مېتر دۇم توگا ئېلىۋالدىم. چالىسىنى ئاپام تولۇقلاپ بېرىدۇ.

خەير، ھەر مىنۇت سىزنى ئەسلەيمەن. مېنىڭ يىراق، ناتونۇش ياپلاقتىكى ئانىسىز قوزىدەك مىسكىن ئامرىقىم، مەن كەلگىچە سالامەت قايتىپ كېلىمەن! سىزنى سېغىنىپ، ئورۇق يۈزلىرىڭىزنى كۆز يېشى بىلەن نەمدىگۈچى ئامرىقىڭىز:

گ. يەھياخانوۋا. 1961 - يىل 17 - ئاۋغۇست»

بۇ مىسالدىكى «ئەلا — جېنىم — ئامرىقىم» دېگەنلەر سۆزلەرنى جانلىق ئىشلىتىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان سىتىلىستىك مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، «جېنىم، ئامرىقىم» سۆزلىرى «ئەلا» سۆزىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىشى بىلەن گۈزەللىكىنىڭ ئەلاغا بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتى ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

3) نۇتۇقنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرۇش ھەم ھېسسىياتنى توغرا ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن:

بەدىئىي ئىپادىلەشتە ئوبرازچانلىقنى ئاشۇرۇش بىلەن ھېسسىياتنى ئىپادىلەش كۆپىنچە گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. مۇشۇ ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن كونتېكستتا ھەر خىل ۋاسىتىلار ياردىمى بىلەن سىتىلىستىك مەنىداش سۆزلەر ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

«شۇ ئارىدا مافۇشنىڭ دېگەن تولۇمچاشقان پەيدا بولۇپ، يان قورالىنى پۇلاڭلاتقان پېتى «قوراللىڭلارنى تاپشۇرۇڭلار!» دەپ ۋاقىرىدى. چېرىكلەر تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، تۆمۈر خەلپە بىلەن ئامانقۇلنىڭ يان قوراللىرىنى تارتىۋالدى. ئارقىدىنلا كويزا - كىشەنلەرنى شاراقلىتىشقا باشلىدى.

ئامانقۇل قونجىدىن پىچىقىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرۈپ كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئىككى چېرىكنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى ۋە ئۈچىنچى بولۇپ تولۇمچاشقانغا يولۋاستەك ئېتىلدى...»①

بۇ مىسالدىكى «مافۇشىلىڭ — تولۇمچاشقان» دېگەن سۆزلەر ستىلىستىك مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، ئاپتور مافۇشىلىڭنى تولۇمچاشقان دېيىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ سېمىز، كېلەڭسىز گەۋدىسىنى ۋە خۇنۇك بەشىرىسىنى كونكرېت، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قانخور جاللاتقا بولغان چەكسىز نەپرىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

لېكسىكىلىق مەنىداش سۆزلەر بىلەن ستىلىستىك مەنىداش سۆزلەرنىڭ پەرقىگە كەلسەك، ئالدىنقىسى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، تىل شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئىجتىمائىيلىققا ھەم تۇراقلىققا ئىگە. كېيىنكىسى، ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە، مەنىسى تۇراقلىق بولماستىن، تىل شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. يەنى مەلۇم كونتېكستتىن ئايرىلغان ھامان مەنىداشلىق مۇناسىۋىتىنى يوقىتىدۇ. لېكسىكىلىق مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى ھەربىر سۆز ئۆز مەنىسىدىكى تۈپكى ئورتاقلىقنى شەرت قىلسا، ستىلىستىك مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەر ئۆز مەنىلىرىدىكى تۈپكى ئورتاقلىقنى ئەمەس، ئەمەلىي تىل شارائىتىنى شەرت قىلىدۇ ۋە لېكسىكىلىق مەنىسى دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. دېمەك، ستىلىستىك مەنىداش سۆزلەردە روشەن ئىجادىيلىق بولىدۇ. مەيلى لېكسىكىلىق مەنىداش سۆزلەر بولسۇن، ياكى ستىلىستىك مەنىداش سۆزلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ستىلىستىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتىكى مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.

---

(بېشى 101 - بەتتە)

بىلەن شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە، جۈملىدىن دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆزگىچە تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشىنىش، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ روھىنى ئىگىلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەش، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكىنى بىلىشكە ئاز تولا پايدىسى بولار دېگەن مەقسەتتە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى ماتېرىيالنى ئىشلەپ چىقتۇق، يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

جالالىدىن.

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئىز» رومانىدىن.

# چاغاتاي تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تۈپكى ئارتۇقچىلىقى

**ئابدۇرۇپ پولات**

چاغاتاي تىلى فونېتىكا ۋە گرامماتىكا جەھەتتە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى بىلەن بىر چاغدا، لېكسىكا جەھەتتە ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىدىن نۇرغۇنلىغان سۆز-ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆز سوستاۋىنى بېيىتقانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مەلۇمكى، تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ياشىغان رايونلارغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى ئاساسەن دېگىدەك ئەرەبچە ئېلىپ بېرىلدى، ئۇيغۇرلاردىن ئەرەبچە ۋە پارسچە ئوقۇغان قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق زىيالىيلار كۆپەيدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تالانت ۋە ئىختىساسلىرىنىڭ ئەرەب-پارس زىيالىيلىرىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قويۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۆز ئەسەرلىرىنى بىۋاستىلا ئەرەبچە ياكى پارسچىمۇ يازىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇيغۇرلاردىن خېلى بۇرۇنلا ئىسلام دىنىغا كىرگەن پارسلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى ئىزىغا چۈشكەن ھەمدە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن خېلىلا روناق تاپقان ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى كۈنسايىن كۈچەيدى. مۇشۇنداق شەرت-شارائىت ۋە زامان تەقەززاسى ئارقىسىدا، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام دىنىغا خاس ئۇقۇملارنى تۈرۈك-ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەش يۈزىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر قوبۇل قىلىندى.

دەرۋەقە، چاغاتاي تىلى دەۋرىدە قوبۇل قىلىنغان ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەرنىڭ سانى ۋە سالمىقى ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر چېگرىسىدىن خېلىلا ھالقىپ كېتىپ، تەدرىجىي ھالدا تۈرك-ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمدىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بەزى ئاتالغۇلارنى ئىستېمالدىن قالدۇرۇۋەتكەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. بىراق، بىز ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ھامان قىسمەنلىكنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى، ئەرەب-پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆزلەملەرنىڭ ئۇيغۇرچىدا ئەسلىدىن بار بولغان ئاتالغۇلار بىلەن تەڭ قىممەتتە قوللىنىلغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل سۆزلەملەر ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، مەيلى فونېتىكا جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئۇقتۇرىدىغان مەناسى جەھەتتىن بولسۇن ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندى

ئاساسي گەۋدە بولغان چاغاتاي تىلى لېكسىكىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، سۆزلەمگە باي بولۇش چاغاتاي تىلى لېكسىكىسىنىڭ تۈپكى ئارتۇقچىلىقى. قەدىمكىگە ۋارىسلىق قىلىپ بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مۇددىئاسىدا چاغاتاي تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بۇ نۇقتىنى توغرا تونۇش رېئاللىقى ئەھمىيەتكە ئىگە.

چاغاتاي تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تۈپكى ئاتۇقچىلىقىنى يەنە تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەرەپتىن كونكرېتنى شەرھىيلەش مۇمكىن.

بىرىنچى، چاغاتاي تىلىدا، تەڭ مەنا ۋە تەڭ قىممەتتە ئىشلىتىلىدىغان مەنىداش سۆزلەر ناھايىتى نۇرغۇن. مەسىلەن:

كۆك = فەلەك = ئاسمان = ئەرش = ساما= چەرخ = گەردۇن = سىپەھر (جەمئىي سەككىز سۆز)

كۈن = قۇياش = شەمس = ئافتاب = خۇرشىد = مېھر (جەمئىي ئالتە سۆز)

ئاي = قەمەر = ماھ = ھىلال = بەدر (جەمئى بەش سۆز)

تىل = زەبان = لۇغەت = لىسان = لەفز (جەمئى بەش سۆز)

ئەقىل = ئىدراك = ھۇش = فەھم = خىرەد (جەمئىي بەش سۆز)

دەرۋەقە، مۇنداقلا قارىماققا يۇقىرىدىكى تەڭ مەنىلىك سۆزلەر سان جەھەتتىن بەك جىققتەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ئەھۋالغا نىسبەتەن، بۇرۇن بىزدىمۇ «بۇ چاغاتاي تىلى لېكسىكىسىدىكى بىر خىل غەيرى نورمال ئەھۋال» دەيدىغان مۇجمەل قاراش بولغان. ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ خىل قاراشنىڭ ناتوغرىلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز. چۈنكى، ھەرقانداق بىر تىل ئاسىلىدىن يەكۈن چىقارغان چاغدا، سۇبيېكتىپ تونۇشنى ئەمەس، بەلكى مەزكۇر تىلنى ئىشلەتكۈچى خەلقنىڭ شۇ تىل ئامىلىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشىمىز دۇرۇسراق بولۇشى مۇمكىن. ئالايلۇق، «ئاسمان» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ مەنادىكى سەككىز ئاتالغۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن VI — VII ئەسىرلىك ئۇزاق زامانلار جەريانىدا ئىستېمال قىلىنىپ، پەقەت «سىپەھر، گەردۇن» دېگەن ئىككى ئىبارىلا شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەن. «چەرخ» سۆزى تەدرىجىي ھالدا «چاق» («ئا» تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) قا ئۆزگىرىپ كەتكەن. قالغان بەش ئاتالغۇ بولسا پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىنغان. بۇ سۆزلەر تاكى ھازىرغىچە ئەدەبىي ۋە جانلىق تىللىرىمىزدا ئۆز رولىنى جارى قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئاسمان جىسىملىرى؛ كۆك بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان بىنالار؛ پەلەككە يەتكەن غەيرەت؛ دۇلدۇل يۈرەر سامادا يىگانە كېزىپ؛ ئەرشىئەلا (يۈكسەك ئاسمان) غا چىقىپ كەتمەك، دېگەنگە ئوخشاش.

«كۈن» مەنىسىدىكى ئالتە سۆزنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىشىپ، تا

ھازىرغىچە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن، كۈن چىقتى = قۇياش كۆتۈرۈلدى = ئاپتاپ چىقتى، دېگەن سۆزلەر ئوخشاش مەنا، ئوخشاش قىممەتتە ئاقىدۇ. «خۇرشىد، مېھر، شەمس» دېگەن ئىبارىلەرنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆز بالىلىرىغا ئىسىم قىلىپ قويغان. مەسىلەن، خۇرشىدە (قۇياش)، مېھرىنىسا (كۈن، نۇر، قىز)، شەمسىنۇر (نۇرلۇق قۇياش) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«ئاي» مەنىسىدىكى بەش سۆزمۇ تولۇق قوبۇل قىلىنغان. ھازىرمۇ «ئاي» بىلەن مەنىداش بولغان «ھىلال، قەمەر، ماھ، بەدر» سۆزلىرى ئىسىملاردا، ھىلالىدىن (دىنىنىڭ يېڭى چىققان ئېيى)، قەمەرنىسا (ئاي قىز)، ماھنۇر (نۇرلۇق ئاي). بەدرىدىن (دىنىنىڭ تولۇن ئېيى) قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.

«تىل» مەنىسىدىكى بەش ئىبارىنىڭ ھەممىسى تا ھازىرغىچە تىرىك. مەسىلەن، لۇغەت تەركىبى، لۇغەت فوندى؛ لىسان ئۇقمايدىغان ئادەم (گەپنى چۈشەنمەيدىغان، غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم — شېۋىلەردە)؛ زۇۋان سۈرمەك (گەپ قىلماق)؛ «لەفز» سۆزى «لەۋز» گە ئۆزگىرىپ «گەپ؛ ۋەدە» مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ مەسىلەن، لەۋزىدە تۇرماق (گېپىدە تۇرماق؛ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلماق) ئۇنىدىن باشقا، قەشقەردە «لەفز» سۆزى «لەپىز» قىلىنىپ، «سۆز، تىل، تەلەپپۇز» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، قۇرئان سۆزلىرىنى تەكەللۇمىسىنى كەلتۈرۈپ، مۇڭلۇق، تەسىرلىك قىرائەت قىلىدىغان ئادەم «لەپىزى ئىسسىق قارى» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

«ئەقىل» مەنىسىدىكى بەش سۆزلەمنىڭ «خىرەد» تىن باشقىسى ھازىرقى تىلىمىزدىمۇ ئىستېمال قىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئەقلى بار = ھوشى بار = پەمى بار، ئەقىل-ئىدراك، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

دېمەك ،چاغاتاي تىلىدا، بىر مەنانى ئۇقتۇرىدىغان بەش-ئالتە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىبارە تەڭ قىممەتتە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، كۆپ ئەسىرلىك تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك روللىرىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. شۇنداق ئىكەن، چاغاتاي تىلى لېكسىكىسىدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى غەيرى نورمال ئەھۋال ئەمەس، ئەكسىچە تىل ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى بايلىق، لۇغەت فوندىدىكى پاراۋانلىق دەپ ھېسابقا ئېلىنىشى كېرەك.

ئىككىنچى، چاغاتاي تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەر تولىمۇ مول. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چاغاتاي تىلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى ھەقىقەتەنمۇ كۆپ. بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چاغاتاي تىلىدىن كېلىپ، ھازىرمۇ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان بىرنەچچە سۆزلەمنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى مەنىلىرى بىلەن چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى لۇغەت مەنىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، «ئىززەت، رەقىب، غەيرەت، ساۋات» دېگەن تۆت سۆزنى ئالساق، بۇلار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تەرىپىدىن 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەتنىڭ 161 - ، 399 - ، 407 - ، ۋە 642 - بەتلىرىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنداق ئىزاھلانغان:

ئىززەت: ①敬意، 尊敬 ②名誉، 荣誉.

رەقىب: ①竞争者، 对手، 敌手، 对头 冤家 ② (男名) 热可甫.

ساۋات: 识字، 文化، 常识، 知识.

غەيرەت: 劲头، 干劲، 毅力.

دېمەك، يۇقىرىقىلار «ئىززەت، رەقىب، ساۋات، غەيرەت» سۆزلىرىنىڭ ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدا ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرىدىن ئىبارەت. ئەمدى، بىز چاغاتاي تىلىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ سۆزلەرنىڭ ھازىر ئىستېمالدىن قېلىپ قالغان يەنە كۆپ خىل لۇغەت مەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن:

ئىززەت: شىددەت، قاتتىقلىق؛ ئۇلۇغ، ھەيۋەتلىك؛ جاپا.

رەقىب: كۆزەتكۈچى، تەكشۈرگۈچى، ئۆلچىگۈچى؛ جىسەكچى، ساقچى، پاسىۋان.

سەۋاد: قارا، قارا رەڭ، قاراڭغۇلۇق؛ كۆپچىلىك؛ ئەتراپ، چۆرە، مۇھىت؛ ئارگىنال؛ كۆچۈرمە نۇسخا.

غەيرەت: قىزغىنلىق؛ غۇرۇر، ئىپتىخار؛ ساداقەت؛ ئادىللىق؛ قىزغىنىش، كۆرەلمەسلىك، ھەسەت، رەشىك.

چاغاتاي تىلى لېكسىكىسىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش يالغۇز مەزكۇر تىلنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. چاغاتاي تىلىدىكى سۆز - ئىبارىلەرنى ئىگىللەشتە، ئۇلارنىڭ ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدىكى مەنىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق، بۇ ھالدا چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەرنى توغرا چۈشىنەلمەي قالىمىز - دە، كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى يەشمىسىنى بېرىشتە ئاسانلا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. ئەڭ مۇھىمى ئەگەر كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىكى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى توغرا شەرھىيلەنمىسە، شەرھىيلەنگۈچى كلاسسىك ئەسەرنىڭ ئەسلى مەزمۇنىغا ۋە بەدىئىي رۇخسارىغا بەلگىلىك نۇقسان يېتىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالايلۇق:

خارلىق ھەددىن ئاشۇرماڭ، چۈنكى ئىززەت يولدادۇر،
ئاتىڭىز نەئلىندە بىزنى خاكى راھ ئەيلەب ئۆتۈڭ.

بۇ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 242 - بېتىگە بېرىلگەن لۇتفىنىڭ 8 - غەزىلىنىڭ 3 - بېيىتى. شۇ كىتابنىڭ 243 - بېتىدە مەزكۇر بېيىتنىڭ يېشىمى مۇنداق بېرىلگەن:

خارلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، چۈنكى ئىززەتمۇ يولىدا بولۇشى كېرەك،
ئېتىڭىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا بىزنى يول توپىسىغا ئايلاندۇرۇپ ئۆتۈڭلار،

بىز بۇ بېيىتنىڭ يېشىمىنى تۆۋەندىكىدەك بەرگەندە، ئاندىن توغرا بولارمىكىن دەپ قارايمىز.

خارلىقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەڭ، چۈنكى قاتتىقلىق (دېگەنمۇ) يولىدىراق بولغىنى ياخشى.

مېنى (ھېچ بولمىسا) ئېتىكىمىزنىڭ ئايىقى ئاستىدىكى يول توپىسىچىلىك كۆرۈپ ئۆتۈڭ.

«ئىززەت» سۆزىنىڭ چاغاتاي تىلىدا، «قاتتىقلىق، قاتتىقچىلىق، خاپا» مەنىلىردە ئىشلىتىلگەنلىكىگە باشقا ئەسەرلەردىنمۇ مىسال كۆرسىتىش مۇمكىن:

ئۆمرى ئىچىدە كۆرمەسە ئول ئىززە - كۆلفەتىن،

ئاچ گەدانىڭ ئالدىدا ئول ئۇلسا مۇھتەرەم.

- سەبۇرى. يۇقىرىقى كىتاب. 566 - بەت.

خۇددى «تەربىيە» سۆزى «تەربىيەت» سۆزىنىڭ ۋارىيانتى بولغىنىدەك، بۇ بېيىتتىكى «ئىززە» سۆزى «ئىززەت» سۆزىنىڭ ۋارىيانتىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، بۇ يەردە «كۆلپەت» بىلەن جۈپ سۆز بولۇپ كەلگەن «ئىززەت» نىڭ يېشىمىنى مۇنداق بېرىمىز:

ئۆمرىدە جاپا - مۇشەققەت تارتمىسا،

ئاچ گادايلارنىڭ ئالدىدا ئۇ ھۆرمەتلىك كىشى بولسا.

يەنە مەسىلەن:

تىشلەر رەقىبىڭ بارسام ئىشىكىڭگە گەدا تېپ،

ئىتلىكنى مەگەر قىلدى ئول ئۆزىنە قەبالە.

بۇ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابنىڭ 202 - بېتىگە بېرىلگەن سەككاكىنىڭ 6 - غەزىلىنىڭ 3 - بېيىتى. شۇ كىتابنىڭ 203 - بېتىدە مەزكۇر بېيىتنىڭ يېشىمى مۇنداق بېرىلگەن:

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا بارسام، رەقىبلىرىڭ مېنى گاداي دەپ تالايدۇ، ئۇلار ئىتلىقنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالغان.

يۇقىرىدا بىز «رەقىب» سۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى لۇغەت مەنىسىنى كۆرسەتتۇق. روشەنكى، ئىزاھلىغۇچىنىڭ بۇ يەردە «رەقىب» سۆزىنى ئىشلىتىشى جايىدا بولمىغان. قوشۇپ قويۇلغان «لار» قوشۇمچىسىنىڭمۇ قىلچە ئاساسىي يوق. بىزنىڭچە، مەزكۇر بېيىتنىڭ يېشىمى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن:

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا بارسام، ئىشىك باقارىڭ مېنى گاداي دەپ تالايدۇ، ئۇ ئىتلىقنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئوخشايدۇ.

يەنە مەسىلەن:

يەنە شۇ كىتابنىڭ 382 - بېتىدىن باشلاپ بېرىلگەن زەلىلىنىڭ «مۇخەممەس»

نىڭ 5 - كۇپلېتىدا مۇنداق مىسرالار بار:

دەبىرىستان دەردىگدە بىرور دەرسى مۇھەببەتتىن،
بىغەير ئەز داغ ھاسىل بولمادى كۆڭلۈمدە ھەسرەتتىن،
گىرىبان تابدامەن چاك ئېتەرمەن بەسكى غەيرەتتىن،
..........................................

بۇ مىسرالارنىڭ يېشمى 385 - بەتتە تۆۋەندىكىچە بېرىلگەن:

مەكتەپ سېنىڭ دەردىڭدە مۇھەببەتتىن دەرس بېرىدۇ،
كۆڭلۈمدە ھەسرەتتىن بۆلەك ھېچقانداق داغ - ئەلەم يوق.
كۆچ - غەيرەتكە كېلىپ ياقامنى تارتىشلاپ يىرتىۋەتتىم.
..........................................

بۇ يەردىكى «غەيرەت» سۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «غەيرەتكە كېلىپ، كۈچىنىپ ئىشلەپ» تىكى «غەيرەت» بويىچە بېرىلىپ قالغىنى توغرا بولمىغان. چۈنكى، كونتېكستتا «يار» نىڭ گۈزەللىكى ھەممە يەرگە داغ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالمىغان «مەن» نىڭ بولسا، زادىلا چىداپ تۇرالمايۋاتقانلىقى ناھايىتى چۈشىنىشلىك تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى «غەيرەت» سۆزى «رەشك» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. شۇڭا يۇقىرىدىكى مىسرالارنىڭ يېشمى مۇنداق بولسا توغرا بولار:

مەكتەپ سېنىڭ دەردىڭدىن مۇھەببەت دەرسى ئۆتۈۋاتىدۇ،
كۆڭلۈمدە ھەسرەت دېغىدىن بۆلەك ھېچنەرسە يوق،
رەشكتىن ياقامنى يىرتىۋەتكىدەك بولىۋاتىمەن،
..........................................

«غەيرەت» سۆزىنىڭ «قىزغىنىش، رەشك» مەنىسىنى بېرىدىغانلىقىغا چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردە مىساللار ئاز ئەمەس. مەسىلەن:

«ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق بىر مۇقام ھەم بۇ مەلىكەنىڭ ئىختىرا ئاتلارى ئىردى، سۇلتان كەمالى غەيرەت يۈزىدىن ئۇز ئاتىغە نىسبەت بەرىپ مۇغەننىلەرغە ئۆزگەرتتىلەر.

يېشمى - «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن». قولىيازما. 37 - 38 - بەتلەر.

«ئىشرەت ئەنگىز» (شاتلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنى بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى. كۈچلۈك رەشك يۈزىسىدىن سۇلتان (ئابدۇرەشىدخان) بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن.

- يۇقىرىقى ئەسەر. يېشىم قىسمى، 67 - بەت.

(داۋامى 61 - بەتتە)

# ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سادىق ۋەتەنپەرۋەرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى خاتىرىلەيمىز*

سەي جەنسۇڭ

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ تەكتى ئاتۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ هازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرژېۋالىسكى شەھىرىگە پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كەتكەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ 1921-يىلى 9-ئايدا ئاشۇ يەردە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى مۇھاجىرلار باشلىقى بولۇپ، شۇ يەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. 1927-يىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئاپىسى بىلەن بىللە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ يۇنۇس بېزىسىدىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ۋە غۇلجىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. 1936-يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر سىنىپىدا ئوقۇغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قارمىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر سىنىپىغا ئىمتىهان بېرىپ كىرىپ، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. 1938-يىلى بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش ۋە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش مەقسىتىدە، ئارىنى يىراق كۆرمەي ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا كېلىپ، هۆكۈمەت ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ بىرمۇنچە تارماقلىرىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى. سادىق كوممۇنىزم جەڭچىسى، مۇنەۋۋەر پرولېتارىيات مائارىپچىسى يولداش لىن جىلۇ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ئىشلار مۇدىرى بولدى. ئۇ مەكتەپنىڭ بۇرۇنقى بۇرۇختۇرما، چۈشكۈن ۋە زاۋالغا يۈز تۇتقان كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان بۇ مەكتەپتە مىسلى كۆرۈلمىگەن هاياتىي كۈچ بارلىققا كەلدى، «ئىتتىپاقلىق، جىددىيلىك، ئاددىي-ساددىلىق، تېتىكلىك» دېگەن سۆزلەر مەكتەپ نىزامى قىلىنىپ، ئىنستىتۇتنىڭ

* بۇ ماقالا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، تەرجىمە ئازراق قىسقارتىلدى.

تاملىرىغا يېزىلغان؛ لىن جىلۇ ۋە بىرمۇنچە كوممۇنىستلار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار مۇنبەر-
گە چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش
ئىشىنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتىنى سۆزلىگەن، «سىياسىي ئىقتىساد»، «يېڭى پەلسەپە، كىشى-
لىك تۇرمۇش كۆز قارىشى»، «جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى»، «دۇنيا ئىنقىلابى تا-
رىخى» قاتارلىق دەرسلەرنى ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن سۆزلىگەن؛ ئوقۇغۇچىلارنى
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەزمۇنىدىكى ناخشىلارنى
ئېيتىشقا، كوچىغا چىقىپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىشكە يېتەكلىگەن. ياش ئابباسوۋ ئۆز ھا-
ياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىدە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ مېھرى-شەپقىتىگە ئېرىشتى ۋە ئىن-
قىلابىي ئىدىيىسىنىڭ پارلاق نۇرىغا چۆمۈلدى. ئۇ ئىلمى مۇدىر لىن جىلۇ، مەكتەپ
مۇدىرى دۇجۇڭيۈەن ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن شىن يەنبىڭ، جاڭ جۇڭشى، چى تيەنمىن
قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېز ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا
دەسلەپكى قەدەمدە ماركسىزم-لېنىنىزملىق تەربىيىگە ئېرىشتى، ئىنقىلاب ھەقىقىتىنى
ۋە خەنزۇ تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ھەم بەزى مۇنەۋۋەر خەنزۇ ساۋاقداشلىرىغا يې-
قىنلىشىپ، ئىدىيە جەھەتتە تېز ئالغا باستى. لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ
ئىنقىلاب ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن تىرىشچانلىق، پىداكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان
ئېسىل پەزىلىتى ئابباسوۋنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدى. خەنزۇلار ئىچىدە ۋەتەن ئۈچۈن،
خەلق ئۈچۈن قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدەك ئاشۇنداق
مۇنەۋۋەرلەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن ئابباسوۋ ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ
ئىستىقبالىنى ۋەتەننىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ، جاھانگىرلىككە
قارشى ۋەتەنپەرۋەر ئاممىنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيۇشتۇرغان «شىنجاڭ
خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسى» غا قاتنىشىپ، جاھانگىرلىككە قارشى
كۆرەشنىڭ بىر جەڭچىسى بولۇپ قالدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا
ئالغان بۇ تەربىيىسى ئۇنىڭ قەتئىي تۈردە ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشى ئۈچۈن پۇختا ئى-
دىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

1937 - يىلى ئابباسوۋنىڭ دادىسى ھاشىم شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن
ئىسيانچى دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىنىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي تۈرمىدە ئۆلتۈ-
رۈلدى. ئابباسوۋمۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالدى. تېخى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان
ئابباسوۋ 1940 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئىسيانچى ئەۋلادى دېگەن نام بىلەن ساۋەنگە
سۈرگۈن قىلىنىپ، بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولدى. ئاشۇنداق مۇشكۈل،
ناچار مۇھىتتىمۇ، ئۇ خەۋپ-خەتەرگە قارىماي، خەنزۇ تىلىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي
كىتابلارنى تامنىڭ قېتىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ھەر كۈنى كەچتە ئىخلاس بىلەن ئوقۇدى.
بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە، ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «يې-
ڭى باسقۇچ توغرىسىدا»، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسەرلىرى، ستالىن-

نىڭ «لېنىنىزم مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرى، يەنە «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئىنقىلابىي ھەرىكىتى تارىخى»، «لېنىنىنىڭ تەرجىمھالى»، «ستالىنىنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن كىتابلار بار ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ سۈرگۈن تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، 1942-يىلى غۇلجىغا باردى. خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ۋە پىكرى ئۆتكۈر بولغان ئابباسوۋ ئىلى رايونلۇق مەھكىمىدە مۇپەتتىش، تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى، يەنە غۇلجا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى ئۆگەتتى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلى ئۆگەتتى. بۇ چاغدا، مىلىتارىست شېڭ شىسەي نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلاپ، تاشقى جەھەتتە سوۋېت بىلەن دوست بولۇشتىن سوۋېتكە قارشى تۇرۇشقا ئۆتتى، ئىچكى جەھەتتە كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىشتىن كوممۇنىستلارنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى تۇتقۇن قىلىپ قىرىشقا ئۆتتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىگە پۈتۈنلەي ئۆتۈپ كېتىپ، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى دەھشەتلىك باستۇردى. شېڭ شىسەينىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۆزىنى پىدا قىلغان ئابباسوۋ 1944-يىلى 7-ئايدا، غۇلجىدا مەخپىي قۇرۇلغان ئىنقىلابىي تەشكىلات «ئازادلىق جەمئىيىتى» گە قاتناشتى ۋە بۇ تەشكىلاتتا ئىلى رايونىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە دائىر ئاخباراتلارنى توپلاش ئىشىغا مەسئۇل بولدى. ئارمىيە تۇرۇشلۇق جاينىڭ مۇھاپىزىتى قاتتىق بولغاچقا، ئابباسوۋ بىر ۋاسكېتبول كوماندىسى تەشكىل قىلىپ، ئارمىيە بىلەن توپ مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىش نامى بىلەن، ئايرودرومدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى تۇرۇشلۇق جايغا ئەپچىللىك بىلەن كىرىپ، قىسمىنىڭ سانى، قورال-ياراقلىرى، مۇداپىئە كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلارغا دائىر ئاخباراتلارنى توپلىدى. ئابباسوۋ يەنە گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرىنى پارچىلاش ۋە قولغا كەلتۈرۈش ئىشىغىمۇ مەسئۇل بولدى، بۇ خىزمەتتە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى، جەڭ باشلىنىش بىلەنلا، زور تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئىنقىلاب تەرىپىگە ئۆتتى.

1944-يىلى 9-ئايدا، نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تېغىدىكى دېھقانلار ۋە چارۋىچىلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىۋەتتى. دېھقان-چارۋىچىلاردىن تەشكىل قىلىنغان پارتىزانلار ناھىيە شەھىرىنى ئالدى ۋە غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ غۇلجا شەھىرىگە يۈرۈش قىلدى. ئابباسوۋ پارتىزانلار بىلەن زىچ ماسلاشتى. ئۇ يۈزدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، غۇلجىنىڭ غەربىدىكى ساي قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. قوزغىلاڭدا غەلىبە قىلغان خەلق ئىلىدا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇردى، ئابباسوۋ ئىشكى ئىشلار بۆلۈمى بىلەن تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. ئابباسوۋ ئىنقىلابىي خىزمەت جەريانىدا كۆرەشنىڭ چوڭ يۆنىلىشىنى مەھ-

كەم ئەگىلەپ، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى جاھانگىرلىك ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاراتتى، ئاباسوۋ ۋە ئەخمەتجان قاسىمى، سەيپۇللايوۋ، ئىسھاقبېك قاتارلىق يولداشلار ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ۋە بىر مەھەل رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى خاتا خاھىشلىرىغا ۋە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھەرىكىتىگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇردى. ئاباسوۋ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر تۈركۈم خەنزۇ ئاممىنى، بولۇپمۇ ئاياللار ۋە باللارنى قوغدىدى. ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاتا ھالدا چەتكە قېقىلىپ، بىر مەھەل رەھبەرلىك ئورنىدىن ئايرىلدى، لېكىن ئۇ باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەي، مىللىي مەسىلىدىكى ماركسىزم - لېنىنىزم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىللىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى توغرا تەرەپنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى بولۇپ قالدى.

1945 - يىلى 3 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى، سىياسىي بۆلۈمى ۋە ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنى قۇردى. ئاباسوۋ سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولدى. 4 ئايدا مىللىي ئارمىيە رەسمىي قۇرۇلدى، ئاباسوۋ جەنۇبىي فرونتنىڭ ھەربىي قوماندانلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. مىللىي ئامىيىنىڭ جەنۇبىي فرونتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا زور كۈچ بىلەن پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش، كەڭ ئاممىنى قوزغىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالىي فرونت (ئالتاي، تارباغاتاي) ۋە ئوتتۇرا فرونت (جىڭخې، شىخو) لاردا غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىدى. 8 ئايدا، ئاباسوۋ ۋە قاسىمجان، سۇپاخۇن قاتارلىق يولداشلار 150 نەپەر جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق ئەسكەرلەر ليەنىنى باشلاپ مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا باردى.

8- ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئاباسوۋ قوماندانلىق قىلغان پارتىزانلار تۆت سائەت جىددىي جەڭ قىلىش ئارقىسىدا باي ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى ۋە باي ناھىيىلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى قۇردى، ئارقىدىنلا قورغانغا ھۇجۇم قىلدى. قورغان ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مۇزات دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان مۇزات داۋىنىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ئىدى، بۇ جاينى ئىشغال قىلىشنىڭ ئۆزى جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش يولىدىكى دەرۋازىنى ئىگىلىگەنلىك بولۇپ، بۇ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. قورغانغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلىنىش بىلەنلا، دۈشمەنلەر ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مىللىي ئارمىيىنى باش كۆتەرگۈزمىدى، ئاباسوۋ جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، بىر جەڭچىنىڭ قولىدىكى پىلىموتنى ئالدى - دە،

دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى نۇقتىسىنى قارىلاپ، شىددەت بىلەن ئوق ياغدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى باستى، بۇ، جەڭچىلەرگە غايەت زور ئىلھام بولدى. ئابباسوۋنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا، مىللىي ئارمىيە دۈشمەنگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بۇ مۇھىم قورغاننى ئىشغال قىلدى ۋە دۈشمەننىڭ 17 دانە ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 150 دانە مىلتىق، 20 دانە تاپانچا، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئوق، 200 دىن ئارتۇق جەڭ ئېتى قاتارلىق نەرسىلىرىنى غەنىمەت ئېلىپ، 50 تىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، 150 تىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئېلىپ، زورغەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ قوشۇنمۇ كېڭىيىپ، 250 كىشىدىن ئاشتى.

9 - ئاينىڭ بېشىدا، ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر باشلامچىلىق قىلغان قوشۇن ئۈچ ۋىلايەتتىن ياردەمگە كەلگەن ئارمىيىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنى ئىشغال قىلدى ۋە دۈشمەن قولىدىن تارتىۋالغان ئاشلىقنى نامرات ئاممىغا تەقسىم قىلىپ بەردى ھەم ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇردى. ئاممىۋى يىغىندا، ئابباسوۋ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى ئېزىشىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ، خەلقنى قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. خەلق ئاممىسى مىللىي ئارمىيىنى ئاكتىپ قوللىدى، بەش مىڭدىن ئارتۇق ياشلار ئارمىيىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى، مىللىي ئارمىيە بۇ ياشلار ئىچىدىن بىر تۈركۈم يېڭى جەڭچىلەرنى تاللىۋېلىپ، كۈچىنى يەنىمۇ زورايتتى، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسى ۋە 10 - ئاينىڭ بېشىدا، ئابباسوۋ 1 مىڭ 600 دىن ئارتۇق مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنى باشلاپ ئاقسۇنى ئىككى قېتىم مۇھاسىرىگە ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ مۇھىم شەھەرنى ئىشغال قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۇرۇمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر بۇيرۇققا بىنائەن قىسمىنى باشلاپ ئىلىغا قايتتى.

ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر رەھبەرلىك قىلغان جەنۇبىي فرونت قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچىگە زەربە بېرىپ ۋە ئۇنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىمالغا ياردەم بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى ۋە شۇ ئارقىلىق مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي فرونتتىكى قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى، شىمالىي فرونتتىكى قوشۇنلار تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى تۇتاشتۇردى، ئوتتۇرا فرونتتىكى سەركەردە قوشۇن ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا تاقاپ كېلىپ، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە خەۋپ سالدى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ بىر ئۆچمەس تارىخىي تۆھپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1946 - يىلى 7 - ئايدا، شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، ئابباسوۋ ئۈچ

ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتنىشىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپى بولدى. بۇ چاغدا، ئابباسوۋ يەنە تىنچلىق بىتىمىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ھەر خىل شەكىلدىكى كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. 11 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، ئابباسوۋ نەنجىڭغا بېرىپ قورچاق مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن ئالاقىلاشتى. يولداش دۇڭ بىۋۇ ئابباسوۋنى سەممىي قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا مەملىكەتنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتى ۋە تەشەببۇسلىرىنى، شۇنىڭدەك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش پرىنسىپى بىلەن ھەربىي تاكتىكىسىنى تونۇشتۇردى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي توغرىسىدا كونكرېت يوليورۇقلارنى بەردى ۋە داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، يولداش پېڭ گوئەننى رادىيونى ئېلىپ شىنجاڭغا بېرىشقا بەلگىلەپ، ئابباسوۋقا قوشۇپ قويدى. پارتىيىنىڭ تەلىمى ئارقىسىدا، ئابباسوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئابباسوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتىيىمىز بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئالاقە ئورناتقان رەھبىرىي ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇنتۇلماس ئۇچرىشىش ئابباسوۋدا ئىنتايىن چوڭ تەسىر قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابباسوۋ بىر قانچە قېتىم: «ئۆمرۈمدە چوقۇم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىپ، شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگونىڭ زېمىنىغا ئايلاندۇرىمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن ئىدى.

ئابباسوۋ شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، پائال تۈردە ئىنقىلابىي كۈچلەرنى زورايتىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئۇ شۇنداق ھېسابلىدىكى، ئىنقىلابىي كۈچ رايون چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلىشى كېرەك، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابىي كۈچى يەتتە ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابىي كۈچى بىلەن بىرلىشىشى كېرەك؛ ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارمۇ مىللىي چەكنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەر مىللەت ئىلغارلىرى قاتناشقان، بىرلىككە كەلگەن يېڭى بىر ئىنقىلابىي تەشكىلات بولۇپ قايتا ئۇيۇشۇشى كېرەك. بۇ، ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، ئوبيېكتىپ جەھەتتىمۇ شۇنداق قىلىش شارائىتى ھازىرلاندى. 1945- يىلى 12 - ئايدىلا، ئابباسوۋ ئىلىدا «شىنجاڭ ئىنقىلابىي ياشلار ئىتتىپاقى» نى قۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ قالغان ئىدى. 1946- يىلى 4 - ئايدا، يەنە شىنجاڭ ئىنقىلابىي ياشلار ئىتتىپاقى ئاساسىدا ئىنقىلابىي پارتىيە قۇردى. 1947 - يىلى 2- ئايدا، ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئۈرۈمچىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتىيىسى بىلەن 1944 - يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نى بىرلەشتۈرۈپ «شىنجاڭ دېموكراتىك

ئىنقىلاب پارتىيىسى» نى قۇردى. شىنجاڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تۆۋەن پروگراممىسىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «7- قۇرۇلتاي» نىزامنامىسىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئابباسوۋ شىنجاڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. شىنجاڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغارلىرىدىن تەركىب تاپقان تۇنجى ئىنقىلابىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇ مىللەت ۋە رايون چېكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىنقىلابچىلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش — خەلقنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا بىرلەشتۈردى، بۇ، شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ يەنىمۇ پىشىپ يېتىلگەنلىكى ۋە زورايغانلىقىنى كۆرسەتتى.

1947 - يىلى 8 - ئايدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىنجاڭنىڭ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئومۇميۈزلۈك بۇزۇپ تاشلاپ، پان تۈركىست مەسئۇدنى تەختكە چىقاردى، شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى پارچىلاندى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ۋە دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ غۇلجىغا قايتتى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈش قىلىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئابباسوۋ ئىلىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئارمىيىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى.
1948 - يىلى 2- ئايدىن 3- ئايغىچە، ئابباسوۋ مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا فرونت قىسىملىرىغا بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلدى، مىللىي ئارمىيە تۇرۇۋاتقان يەنىسىخەي، ئۆلانسۇ، شىخەنزە، مايتاغ، شىخو قاتارلىق جايلاردا، ئابباسوۋ مەملىكىتىمىزنىڭ خەرىتىسىنى ئېسىپ قويۇپ، ئازاد بولغان رايونلارغا كىچىك قىزىل بايراق قاداپ، مەملىكەت بويىچە غەلىبە كۈنى يېتىپ كېلىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى جەڭچىلەرگە ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئابباسوۋ يەنە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي تەرتىپ قائىدىسىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، مىللىي ئارمىيە سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ شىخودا ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك كۇرسىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىپ تارقىتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. ئابباسوۋ كۇرسانتلارغا ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ قىسمەن يېرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلاب بىلەن زىچ باغلانغان ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب غەلىبە قىلمىسا، شىنجاڭ رايونىدىكى ئىنقىلابنىڭمۇ غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى، ھەر قايسى ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

شۇ مەزگىللەردە، ئابباسوۋ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدە ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە ئىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن، ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ شۇنىڭدەك مەركىزىي كومىتېتتىكى باشقا رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئەسەرلەرنى كۆپچىلىك بېرىچە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆزمىللىتىگە تەشۋىق قىلدى ۋە تونۇشتۇردى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىنى ئابباسوۋ تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرى بىلەن يولداش ليۇ شاۋچىنىڭ «ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە مىللەتچىلىك» دېگەن ئەسىرىمۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

تىنچلىقنى قوغداش، دېموكراتىيىنى قوغداش ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، 1948 - يىلى 8- ئايدا، شىنجاڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسى ئاساسىدا، شىنجاڭ تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى غۇلجىدا قۇرۇلدى، شىنجاڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پارتىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئەزالىرى شىنجاڭ تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقىغا ئۆتتى، ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئىتتىپاقنىڭ رەئىسى بولدى، ئابباسوۋ ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى. 1949 - يىلى، مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇراتتى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىمۇ كۈرەشنى 5 يىلغا يېقىن داۋاملاشتۇردى. تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن، ئابباسوۋ 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى بارلىق ئاكتىپلار يىغىنىدا، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەن تېمىدىكى مەشھۇر نۇتقىنى سۆزلىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە ئاخىرقى قېتىم ئاشۇنداق كەڭ كۆلەمدە سۆزلىگەن ئاشكارا نۇتقى ئىدى، بۇ نۇتۇقتا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئابباسوۋدەك ئاشۇنداق بىر سادىق ۋەتەنپەرۋەرىنىڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىدىيىسى ۋە پەزىلىتى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەنگەن. بۇ نۇتۇقنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى مۇنداق: بىرىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جۇڭگو ئىنقىلابىي ۋە دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي يەككە - يېگانە ھەرىكەت ئەمەس، دۇنيادىن ئايرىلغان ھالدا ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمۇ ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ئىنقىلابىي بىلەن، دۇنيا ئىنقىلابىي بىلەن خۇشاللىقتىمۇ، قايغۇدىمۇ، ھاياتلىقتىمۇ، ماماتلىقتىمۇ بىللە بولىدىغان ئىنقىلابىي ھەرىكەت، بۇ تۈپ پرىنسىپىنى نەزەرىيە جەھەتتە ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەت جەھەتتە ئىزچىللاشتۇرغان

چاغدىلا، ئاندىن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۇزۇل - كېسىل ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ. ئاباسوۋ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىمىز جاھانگىرلىك دەۋرىدە، بولۇپمۇ جاھانگىرلىك غالجىرلاشقان دەۋرىدە پارتلىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە چەتئەل جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ.» ئاباسوۋ ئۆزدوكلاتىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ئۇزۇل - كېسىل غەلىبە قىلىشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتىگە ئىگە بولالايدۇ، دېگەن ئىدىيىنى تەكرار شەرھىلىگەن. ئۇ كۆپچىلىكتىن بولۇپمۇ ھازىرقى ۋەزىيەتتە بۇ مەسىلىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈرلۈكىنى تەلەپ قىلغان. ئۇمۇمۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىز جاھانگىرلىك ئىنتايىن غالجىرلاشقان پەيتتە پارتلىدى، ئۇ پەقەت جۇڭگو خەلق ئازادلىق كۈرىشى غەلىبىگە ئېرىشكەن چاغدىلا، ئاندىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ»، «شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەر پەقەت جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدىلا، ئۆز مەقسىتىگە تېز يېتەلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، پەقەت جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي غەلىبىگە ئېرىشكەن ئەھۋالدىلا، ئاندىن شىنجاڭ خەلقى ئازادلىققا ئېرىشەلەيدۇ، ئاندىن شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلە تەلتۆكۈس ۋە توغرا ھەل بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.» ئاباسوۋ ئاڭلىق ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن باغلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نىجات يۇلتۇزى دەپ قارىغان. ئىككىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە چەتئەل جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ھەم ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت. ئاباسوۋ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىدى «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە چەت ئەل جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت» دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ، باشتىن - ئاخىر قەتئىي تەۋرەنمەي، كۈرەشنىڭ نىشانىنى ئېنىق تونۇدى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇردى، بۇ، ھەر قانداق ئىنقىلابىي ھەرىكەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەگەر ئىنقىلابنىڭ مۇھىم مەسىلىسىدە، يەنى كىملەر ئىنقىلابنىڭ دۈشمىنى، كىملەر ئىنقىلابنىڭ ئىتتىپاقچىسى دېگەن مەسىلىدە، تونۇش ئېنىق بولمىسا، ھەتتا ئاق - قارا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلسە، ئىنقىلاب مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولىدۇ، بۇ ھەقتە جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدا ئېچىنىشلىق ساۋاق بار، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىمۇ بۇ مەسىلىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەن. ئاباسوۋ مۇنداق دەيدۇ: «بىز مىللىي ئازادلىق كۈرەش جەريانىدا، ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ۋە ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلالىدۇق، شۇڭا ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ئىچكى

قىسمىدىكى ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەرنى پەرقلەندۈرەلمىدۇق، نەتىجىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن پۈتۈن خەنزۇ مىللىتىنى بىر گەۋدە قىلىپ قاراشتەك خاتالىق سادىر بولدى.» ئابباسوۋ ماركسىزم - لېنىنزملىق سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتى ھەرگىز ھۆكۈمران مىللەت ئىچىدىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئەمەس، بەلكى بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ئابباسوۋنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دۈشمەن بىلەن ئۆز مەسىلىسىدىكى تونۇش ۋە ئۇسۇل جەھەتتە يۈز بەرگەن بەزى خاتالىقلارنى قىلچە يوشۇرماي تەكشۈرگەنلىكى ۋە يەكۈنلىگەنلىكى ئۇنىڭ ئوچۇق - يورۇق ۋە ئاقكۆڭۈل ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان بۇنداق پوزىتسىيە ھەرگىزمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي تۆھپىسىنى يوققا چىقارغانلىق بولمايدۇ. ئەكسىچە، بىر ئىنقىلابچىنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلىشتەك ئالىي جاناب پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدۇ، ئابباسوۋ دەل ئەنشۇنداق توغرا تونۇش ئاساسىدىلا بىر تۈركۈم خەنزۇ ئىلغارلىرىنى ۋە ئاممىسىنى يۈرەكلىك ھالدا قوغداپ قالالىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي تۈردە قوغدىدى، ئابباسوۋ يەنە: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىشلا ئەمەس، بەلكى ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، «سىياسىي جەھەتتە زۇلۇمغا ئۇچرىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلىشىپ كەتكەن، مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان شىنجاڭنى سىياسىي جەھەتتە باراۋەر بولغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللەنگەن، مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلغان ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. بۇ، ئابباسوۋنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئېلىپ بېرىش زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن ماركسىزملىق ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب نەزەرىيىچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1949 - يىلى 8 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ بالدۇرراق ئازاد بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ لىچۈننى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىش ۋە خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش يۈزىسىدىن غۇلجىغا ئەۋەتتى. 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، يولداش دېڭ لىچۈن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە ئىسھاقبېك بىلەن بىرىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشتى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ تەرجىمانلىق قىلدى. يولداش دېڭ لىچۈن ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم بۇ يەرگە كېلىشتىكى ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈردى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، ئۇلارنى بېيپىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە

ماۋجۇشىنىڭ مۇرەككەپ، مۇشەققەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا، چەت چېگرا رايوندا تۇرۇۋاتقان ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقىلاشقانلىقىدىن ئىنتايىن زور خۇرسەن بولدى، ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىنى، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يولداش دېڭ لىچۈننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەدەنىيەت، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، ئادەمگەرچىلىك ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ ھەربىي ھەرىكەت ۋە دۈشمەن، ئۆز، دوست جەھەتتىكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي ۋە سىستېمىلىق سۆزلەپ بەردى. 1949-يىلى 8-ئاينىڭ 27-كۈنى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېگ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان ۋە لوجىز قاتارلىق بەش يولداش جۇڭگو خەلق مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيپىڭغا كېتىۋاتقان سەپىرىدە، ئىركۇتسكىنىڭ بايقال رايونىدا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ، ھەممەيلەن قازا تاپتى، ماۋجۇشى بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان «شىنجاڭ تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپاقى»غا تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاپ: «ھاياتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان ۋە ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىشلىرى يولىدا قۇربان بولغان بۇ كىشىلەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ» دېدى.

ئابباسوۋنىڭ ھاياتى قىسقا ھايات، جەڭگىۋار ھايات، ۋەتەنپەرۋەرلىك نۇرى چاقناپ تۇرغان ھايات بولدى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى. ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ بولۇۋاتقان يىللاردا، ئۇ قەتئىي يوسۇندا ئىنقىلاب تەرەپكە ئۆتۈپ، ئەكسىيەتچى، چىرىك ھۆكۈمرانلىقنى دەپنە قىلىدىغان قەيسەر جەڭچىگە ئايلاندى، ئۇ سىياسىي، ھەربىي، ئىدىيىۋى ساھەلەرنىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، ۋەتەنگە باشتىن-ئاياق سادىق بولۇپ، ۋەتەننىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلۈكىنى ۋە بىرلىكىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلدى، ئاخىرىدا، دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى جۇڭگو ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سادىق ۋەتەنپەرۋەرى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

«غەربىي شىمال تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىل 1-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

قەيۇم قۇربان تەرجىمىسى

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ئىزاھات | 1102 | | | 1101 | | | ھىجرىيە يىل تەرتىپى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1690-1691 | | | 1689-1690 | | | مىلادىيە يىل تەرتىپى / ئايرىمىسى |
| | ھەپتە | مىلادىيە ئايلىرى | كۈنلەر | ھەپتە | مىلادىيە ئايلىرى | كۈنلەر | ھىجرىيە ئاي تەرتىپى |
| ھەر ئىككى كالىندارنىڭ كۈن، ھەپتىلىرى ئوخشاش | 5 | 10 | 5 | 7 | 10 | 15 | 1 |
| | 7 | 11 | 4 | 2 | 11 | 14 | 2 |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىپى

1. ئەلمۇھەررەم — Əlmuhərrəm
2. سەپەر — Səpər
3. رەبىئۇل ئەۋۋەل — Rəbiul əwwəl
4. رەبىئۇسسانى — Rəbius sani
5. جامادىيەل ئەۋۋەل — Jamadiyəl əwwəl
6. جامادىيەل ئاخىر — Jamadiyəl ahir
7. رەجەپ — Rəjəp
8. شەئبان — Xə·ban
9. رامازان — Ramazan
10. شەۋۋال — Xəwwal
11. زۇلقەئىدە — Zulkə'də
12. زۇلھىججە — Zulhijjə

| 221 | 1101<br>1689 - 1690 | 1102<br>1690 - 1691 | 1103<br>1691 - 1692 | 1104<br>1692 - 1693 | 1105<br>1693 - 1694 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 15.10.7 | 5.10.5 | 24.9.2 | 12.9.6 | 2.9.4 |
| 2 | 14.11.2 | 4.11.7 | 24.10.4 | 12.10.1 | 2.10.6 |
| 3 | 13.12.3 | 3.12.1 | 22.11.5 | 10.11.2 | 31.10.7 |
| 4 | 12.1.5 | 2.1.3 | 22.12.7 | 10.12.4 | 30.11.2 |
| 5 | 10.2.6 | 31.1.4 | 20.1.1 | 8.1.5 | 29.12.3 |
| 6 | 12.3.1 | 2.3.6 | 19.2.3 | 7.2.7 | 28.1.5 |
| 7 | 10.4.2 | 31.3.7 | 19.3.4 | 8.3.1 | 26.2.6 |
| 8 | 10.5.4 | 30.4.2 | 18.4.6 | 7.4.3 | 28.3.1 |
| 9 | 8.6.5 | 29.5.3 | 17.5.7 | 6.5.4 | 26.4.2 |
| 10 | 8.7.7 | 28.6.5 | 16.6.2 | 5.6.6 | 26.5.4 |
| 11 | 6.8.1 | 27.7.6 | 15.7.3 | 4.7.7 | 24.6.5 |
| 12 | 5.9.3 | 26.8.1 | 14.8.5 | 3.8.2 | 24.7.7 |
| | * | | | * | |

| 222 | 1106<br>1694 - 1995 | 1107<br>1695 - 1696 | 1108<br>1696 - 1697 | 1109<br>1697 - 1698 | 1110<br>1698 - 1699 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 22.8.1 | 12.8.6 | 31.7.3 | 20.7.7 | 10.7.5 |
| 2 | 21.9.3 | 11.9.1 | 30.8.5 | 19.8.2 | 9.8.7 |
| 3 | 20.10.4 | 10.10.2 | 28.9.6 | 17.9.3 | 7.9.1 |
| 4 | 19.11.6 | 9.11.4 | 28.10.1 | 17.10.5 | 7.10.3 |
| 5 | 18.12.7 | 8.12.5 | 26.11.2 | 15.11.6 | 15.11.4 |
| 6 | 17.1.2 | 7.1.7 | 26.12.4 | 15.12.1 | 5.12.6 |
| 7 | 15.2.3 | 5.2.1 | 24.1.5 | 13.1.2 | 3.1.7 |
| 8 | 17.3.5 | 5.3.3 | 23.2.7 | 12.2.4 | 2.2.2 |
| 9 | 15.4.6 | 4.4.4 | 24.3.1 | 13.3.5 | 3.3.3 |
| 10 | 15.5.1 | 4.5.6 | 23.4.3 | 12.4.7 | 2.4.5 |
| 11 | 13.6.2 | 2.6.7 | 22.5.4 | 11.5.1 | 1.5.6 |
| 12 | 13.7.4 | 2.7.2 | 21.6.6 | 10.6.3 | 31.5.1 |
| | * | | | * | |

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uygur Edition)

№ · 3 1987 (Total: № · 31)

## CONTENTS

On the Historical Development and Characteristics of the Fundamental Rights and Duties of Citizens ········· *Turusn Ni z Saur* 1

A Talk on Whether the Labour Force is a Commodity Under the Socialist Conditions ········· *Jumahun Niaz* 12

A Talk on the Necessity of Implementing Planned in Our Country ········· *Ekim Zunun* 22

The Establishment of the Two Civilizations and Literature and Art ········· *Turusn Kurban* 31

An Investigation as to the Feoffs at Kashgar of the Kala Khanate ········· *Ablimit Ruzi* 37

A Brief Talk on the History of Uigur Musical Instruments ········· *Bair Ruzi* 46

The Ancient City Helate and the Uigurs ········· *Erej n Osman* 62

A Talk on the Weili Folk Songs and the Weili Clan Tribes ······ *Muidn S yit* 75

Samanism Seen From «the Great Dictionary of the Tujue Language» ········· *Abdikerm Rehman* 88

A Survey of the Minority Nationalities in Our Country ········· *Jalalidn* 100

A Brief Talk on the Synonyms of the Uigur Language and their Rhetorical 105
Functi ········· *Arislan Abdul* 109

A Talk on the Basic Features of the Words of the Zagatai Dialect ········· *ABdrup Pul t* 123

In Memory of the St aunch Uigur Patriot Abudukelimu Abasuofu ········· *Cai Jinsong* 129

# «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نى باھالاپ بېكىتىش يىغىنى ئېچىلدى

شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلار 1959 - يىللىرى «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نى يېزىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقماي كەلگەنىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىزغىن تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، ماتېرىيال توپلاش خىزمەتلىرىنى ئىشلىشى نەتىجىسىدە 1985 - يىلى 5 - ئايدا مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن سەككىز كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانىدى. ئىككى يىل جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ئەسەر پۈتۈپ چىقتى. 1987 - يىل 13 - ئىيۇن ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»نى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھامۇت، شىنجاڭ داشۆنىڭ مۇدىرى ھاكىم جاپپار، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تېيىپجان ئېلىيوپ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، شىنجاڭ داشۆنىڭ پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن، شەرىپىدىن ئۆمەر ھەممىدە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 30 غا يېقىن كىشى قاتناشتى.

يىغىندا كۆپچىلىك بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى.

بۇ كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 800 مىڭ خەتلىك بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات خاقانىيە ۋە چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم قىلىپ نەشر قىلىنىدۇ.



تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ قەبرىسى


**شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى**

新疆大学学报

（哲学，社会科学维文季刊）

(پەسىللىك ژۇرنال)

1987 - يىل 3 - سان

(ئومۇمىي 31 سان)

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ش.ئۇ.ئا.ر. ژۇرناللارنى تىزىملاش كىنىشكە نومۇرى 321

باھاسى: 0.50 يۈەن

ۋاكالەت نومۇرى 13—58